بسم الله الرحمن الرحيم

HAKSEVER

# تەسرلىك ھېكايىلەر

3

نەشرگە تەييارلىغۇچى

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

| | |
|---|---|
| Redaksiyon | تەھرىر |
| **Habibullah KURBANİ** | **ھېبىبۇللاھ مەتقۇربان** |
| Çevreyen | تەرجىمە قىلغۇچى |
| **Muhammed BİŞARET** | **مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت** |
| Kapak & Sayfa Tasarim | بەت ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى |
| **Ziya KAŞGARİ** | **زىيا قەشقەرى** |
| Yayinci | نەشر قىلغۇچى ئورۇن |
| **Haksever İslam Araştırma Merkezi** | **ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى** |

**ISBN:** 978-625-00-0277-3

yayın adresi:
Maltepe mah. Davutpaşa cad. Güven iş merkezi c blok
no:83/3 iç kapi no:264 zeytinburnu / istanbul

2023 ـ يىلى 1 ـ ئاي

مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىق ھوقۇقى ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىگە تەۋە. ھېچقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن بېسىپ تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئالاقىلىشىش ئادرىسى: Haksever090@gmail.com

## ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

# تەسىرلىك ھېكايىلەر

## 3 ـ قىسىم

تەرجىمە قىلغۇچى

**مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت**

بۇ كىتابنىڭ باسما چىقىملىرى 2018 _ يىلى ۋاپات بولغان ئابدۇسەمەت مەخسۇمنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتى تەرىپىدىن مەرھۇمنىڭ ھەققىدە سەدىقە قىلىندى. جانابى ئاللاھتىن ئىلىم تارقىتىش ئۈچۈن سېلىنغان بۇ مۇبارەك سەرمايىنى مەرھۇم ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگە قەدەر سەدىقە جارىيە قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1
دۆت ئوقۇغۇچىسىنى دوكتور قىلىپ يېتىشتۈرگەن مۇئەللىمە ......... 7
سائەت ئوغرىسى ........................................ 11
تېلېفون بولغۇم بار! ........................................ 16
ئوننىچى شېرىك ........................................ 20
ئەمەلىي تەربىيە ........................................ 25
تەقۋادارلىقنىڭ مۇكاپاتى ........................................ 30
زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئاقىۋىتى ........................................ 35
سەدىقىنىڭ كۈچى ........................................ 38
قۇرئاننى قانداق ئوقۇيمىز؟ ........................................ 43
ئادالەتسىزلىكنىڭ ئاقىۋىتى ........................................ 47
گۇناھتىن كەلگەن مۇسىبەت ........................................ 52
ئانىنىڭ بەرىكىتى ........................................ 56
ئىجابەت بولغان دۇئا ........................................ 61
ئىسلام دۈشمىنىنىڭ ھالاكىتى ........................................ 66
بالا دەۋەتچى زىيا ........................................ 70
تەبەسسۇمنىڭ كۈچى ........................................ 74
جەننەتنىڭ ئاچقۇچى ........................................ 77

«ئىككى تاش»نىڭ ئارىسىدا سوقۇلغان بالا ........................ 82
باغۋەننىڭ چۈشى ............................................. 86
بىلىقنىڭ قارنىدىن چىققان مەرۋايىت .............................. 91

«تەسىرلىك ھېكايىلەر» ناملىق بۇ يۇرۇشلۇك ئەسەر «قرآني جناتي» (قۇرئانىم جەننىتىم) ناملىق ئەرەبچە كارتون فىلىملەر قانىلىدىكى تەربىيەۋى خاراكتېرگە ئىگە، رېئال ۋە تەسىرلىك ھېكايىلەرنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت تەرىپىدىن بالىلارنىڭ تىلى ۋە تەپەككۇرىغا يېقىنلاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىنغان ھەمدە 2019 ـ ۋە 2020 ـ يىللىرى نۇر ئېكرانى (NUR TV) تەرىپىدىن ئاۋاز بېرىلىپ تارقىتىلغان، جەمئىي بەش قىسىم بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر كارتون رەسىملەر قىستۇرۇلغان ھېكايىلەردىن تەركىب تاپقان يۇرۇشلۇك كىتاب قىلىنىپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلدى.

# كىرىش سۆز

ھېكايە ــ مەلۇم بىر زامان ۋە ماكاندا، بىر ياكى بىرقانچە كىشىنىڭ ئەمەلىي ياكى توقۇلما ۋەقەلىكنى بايان قىلغان بىر ياكى بىرقانچە بەتلىك قىسقا يازمىلاردىن ئىبارەت.

ھېكايە ــ بالىلار تەربىيەسىدىكى ئەڭ قەدىمىي ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ قەدىمدىن تارتىپ تۇرمۇش ۋە مائارىپتا كەڭ قوللىنىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارمۇ پەرزەنت تەربىيەسىدە ھېكايىنىڭ رولىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن مىللەت. شۇڭلاشقا، كىچىكىمىزدە ئاتا ـ ئانىلىرىمىز، بوۋا ـ مومىلىرىمىز ئاخشاملىرى قىزىقارلىق، تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇخلاش ئالدىدا بېشىمىزنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلەر بىزنى ۋەقەلىكنىڭ ئىچىگە سۆرەپ كىرىپ، شېرىن خىياللار قايىنىمىغا تاشلايتتى. بىز ئەنە شۇنداق تۇيغۇ ئىچىدە تاتلىق ئۇيقۇغا كېتەتتۇق.

ئەمەلىيەتتە، مەزمۇنى ساغلام، تەسىرلىك، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھېكايىلەر:

- بالىلارنىڭ ئاڭلاش ۋە سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ؛ سۆزلۈك ئامبىرىنى بېيىتىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ راۋان جۈملە قۇرۇش ئىقتىدارى يېتىلىدۇ. ھېكايىنىڭ بالىلارنىڭ تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن كۆپ پايدىسى بار.

- باللارنىڭ چۈشىنىش ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ؛ باشقىلار بىلەن نورمال ئالاقىلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ.
- باللاردا ئىجادچانلىق روھى يېتىلدۈرىدۇ.
- باللارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ ياخشى ئۆگىنىشكە ئىلھام بېرىدۇ ۋە نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.
- باللارنىڭ ئىجادىي ۋە تەنقىدىي تەپەككۇرىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. باللار بۇ ئارقىلىق سوئال سوراش ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئويلاپ چىقالايدۇ.
- بالىلىرىڭىز بىلەن ئولتۇرۇپ ھېكايە ئوقۇش ۋە ئاڭلاش بالىلىرىڭىزنىڭ قىزىقىشى ۋە قابىلىيىتىنى بايقىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ؛ ئۇلار بىلەن تېخىمۇ كۈچلۈك ھەم قويۇق ئالاقە ئورنىتىشىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ.
- باللارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.
- باللار ھېكايىدىكى ھەرخىل پېرسوناژلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئۇلارنى دورايدۇ ۋە ئۆزلىرىگە ئۈلگە

قىلىدۇ.

- بالىلارغا گۈزەل ئەخلاق سىڭدۈرىدۇ، ئەھمىيەتلىك ئۆچۈرلارنى يەتكۈزىدۇ.
- بالىلارغا ئەقىل - پاراسەت بېغىشلايدۇ، جاسارەت ۋە سەممىيلىك ئاتا قىلىدۇ.
- بالىلارنىڭ ئاتا - ئەجدادلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئەنئەنىلىرى ۋە مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرىدۇ.
- بالىلارنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.
- بالىلارنى تۈرلۈك مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. بولۇپمۇ ئوخشىمىغان خەلق ۋە مەدەنىيەتتىن كەلگەن ھېكايىلەر ئۇلارنى دۇنيانى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.
- بالىلار قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ھېكايىدىكى ۋەقەلىكلەردىن قولغا كەلتۈرگەن ئەقىل - پاراسەت بىلەن چىقىش يولى تاپالايدۇ، ھېكايە ئۇلارغا ئازاب ۋە خۇشاللىقنىڭ ھاياتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىدۇ.

- بالىلارنى بۆگۈنى ۋە كەلگۈسىدە ئېھتىياجلىق بولغان ئېسىل ئىنسانىي قىممەت ـ قاراشلار بىلەن قوراللاندۇرىدۇ.
- بالىلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئەخلاق ـ پەزىلەت، قىممەت ـ قاراش، توغرا بولغان غايە ـ نىشانلارنى سىڭدۈرىدۇ.

ھېكايە ــ بالىلار ئۈچۈن پەقەت زوقلىنىپ ئوقۇپ قويىدىغان ياكى ھەۋەس بىلەن ئاڭلاپ قويىدىغان بىر كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىلا ئەمەس، ئەكسىچە ئىچىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قەھرىمانلار بىلەن بىرلىكتە ياشايدىغان ھاياتنىڭ بىر پارچىسىدۇر. بالىلار تەبىئىي ھالدا، ياخشى روللاردىكى قەھرىمانلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ؛ ئۆزىنى شۇلارنىڭ ئورنىغا قويىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس كۆزىتىش ئۇسۇلى، ياشاش شەكلى ۋە كىشىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق، شۇلارغا ئوخشاش تەپەككۇر قىلىشقا ۋە شۇلارغا ئوخشاش ھېس قىلىشقا تىرىشىدۇ؛ قەھرىمانلارنىڭ دوستلىرى ئۇلارغىمۇ دوستتەك، دۈشمەنلىرى ئۇلارغىمۇ دۈشمەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغىمۇ، قايغۇسىغىمۇ جور بولىدۇ. ھەتتا بالىلار ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئۆزلىرى قارار بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئەسلىدە بۇ دېگەنلىرىمىز پەقەت بالىلاردىلا ئەمەس، چوڭلاردىمۇ كۆرۈلىدىغان ئەھۋالدۇر.

ھېكايە ــ ئەڭ ئۈنۈملۈك بايان تۈرلىرىدىن بىرىدۇر. ھېكايە ئېيتىش ئارقىلىق ئەڭ قىيىن تېمىلارنىمۇ ئاسانلا چۈشەندۈرگىلى، بالىلارنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلماس ئىزلارنى قالدۇرغىلى بولىدۇ. چۈنكى، بالىلارنىڭ ھەتتا چوڭلارنىڭ تەبىئىتىگىمۇ چۈشىنىش ۋە ئىدراك

HAKSEVER

قىلىشتا ئابستراكت، قۇرۇق گەپلەرنى ئاڭلاشتىن بەكرەك، كونكرېت پىكىرلەرنى ئاڭلاش مايىللىقى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ھېكايىدە پىكىرلەر كونكرېتلاشتۇرۇلىدۇ، چۈشىنىش ئاسانلىشىدۇ. شۇڭلاشقا، ھېكايە ئارقىلىق ئۇقۇملار زېھنىمىزدە تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئېسىمىزدە ئۇزۇنغىچە ساقلىنىپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ئۇچۇق ھەقىقەتلەر ۋە ئابستراكت چۈشەنچىلەر ھەم ئىتتىك ئۇنتۇلىدۇ، ھەم ئەقلىمىزنى چارچىتىپ، دىققىتىمىزنى چېچىۋېتىدۇ.

ھېكايە ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش دىنىي تەربىيەگە نىسبەتەنمۇ كەلگۈسى ئەڭ پارلاق بولغان ئۇسۇللاردىن بىرىدۇر. بىراق، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلاردىن بىرى، بالىلار ھېكايىلىرى بىزنىڭ مىللىي خاسلىقىمىزغا يات، دىنىمىز ۋە قىممەت - قاراشلىرىمىزغا خىلاپ بولماسلىقى كېرەك.

قولىڭىزدىكى «تەسىرلىك ھېكايىلەر» ناملىق بۇ كىتاب بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان يۈرۈشلۈك ھېكايىلەر توپلىمى بولۇپ، مۇھاجىرەتتىكى روھىيىتى قاغجىراپ، مەنىۋى تەشنالىقى كۈنسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيىتى بار دەپ قارىلىپ تەييارلاندى. كىتابتىكى ھېكايىلەر رېئال دۇنيادا يۈز بەرگەن، ساپلىق ۋە چىنلىققا ئىگە ۋەقەلىكلەر بولۇپ، بالىلارنى ساغلام ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن، ئالىيجاناب ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق قىلىپ يېتىلدۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھېكايىلەردە ئىلگىرىكى سالىھ كىشىلەر، مەشھۇر سۇلتانلار، ئۆلىمالار، قازى - قۇزاتلار، ساخاۋەتچى، ئاقكۆڭۈل، ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى

قىزنىقارلىق كارتون رەسىملەر بىلەن ماسلاشتۇرۇپ بېرىلگەن بولۇپ، بالىلارنىڭ ھەتتا چوڭلارنىڭمۇ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىدۇ، بالىلارنىڭ يۇمران قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرىدۇ.

ئاللاھتىن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۈچۈن تەقدىم قىلىنغان بۇ ئاددىي خىزمىتىمىزنى ھەممەيلەنگە مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى ۋە ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنىڭ ئىمانلىق، گۈزەل ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك، يارامىلىق يېتىشىپ چىقىشىنى تىلەيمىز. شۇنداقلا پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ساغلام تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن تەييارلانغان بۇ ئەسەرنىڭ ھەربىر ئائىلىگە كىرىشى ھەم ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

**مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت**

# دۆت ئوقۇغۇچىسىنى دوكتور قىلىپ يېتىشتۈرگەن مۇئەللىمە

مەلۇم بىر مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەتكەن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئورنىغا نۇرئەلا ئىسىملىك بىر مۇئەللىمە تەكلىپ قىلىندى. نۇرئەلا مۇئەللىم سىنىپقا كىرگەن تۇنجى سائەتتە بىر ئوقۇغۇچىدىن سوئال سورىۋىدى، ئۇ تېخى جاۋاب بەرمەستىلا سىنىپتىكى ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.



نۇرئەلا مۇئەللىم بۇنىڭدىن تولىمۇ ھەيران قالدى. ئوقۇغۇچىلار سەۋەبسىز كۈلمەيتتى. مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزلىرىدىن بۇ مەسخىرىلىك كۈلكىنىڭ سەۋەبىنى سەزگەندەك بولۇپ، تەنەپپۇس ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلاردىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈردى. ئەسلىدە بۇ ئوقۇغۇچى سىنىپ بويىچە ئەڭ دۆت بولۇپ، باشقىلار ئۇنىڭدىن سوئال سورالغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ كۈلۈشكەن ئىكەن.

دەرستىن چۈشكەندە، نۇرئەلا مۇئەللىم ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىپ ئازراق ئىلھام بەرگەندىن كېيىن، بىر ۋاراق قەغەزگە بىر شېئىر يېزىپ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

— ئەتە بۇ شېئىرنى ئىسمىڭدەك پىششىق يادلاپ كەلگىن، لېكىن بۇ ئىش ئارىمىزدا سىر بولۇپ قالسۇن، ھېچكىمگە ئېيتمىغىن! — دەپ تاپىلىدى.

ئەتىسى مۇئەللىم دوسكىغا ئاشۇ شېئىرنى يېزىپ، شېئىرنىڭ مەنىسى ۋە ئىستىلىستىكىلىق ئۇسلۇبلىرىنى بىر قاتار چۈشەندۈرۈپ



HAKSEVER

بولۇپ ئۆچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن:

— كىم بۇ شېئىرنى يادقا ئوقۇپ بېرەلەيدۇ؟ — دەپ سورىدى.

ھەممەيلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ، بىردىنلا سۈكۈتكە چۆمدى. پەقەت ھېلىقى ئوقۇغۇچىلا تەمتىرىگىنىچە قولىنى كۆتۈردى.

— قېنى جاۋاب بېرىپ بېقىڭ! — دېدى مۇئەللىم.

ئوقۇغۇچى شېئىرنى سەل دۇدۇقلاپراق ئوقۇپ بەردى. مۇئەللىم ئۇنى راسا ماختىۋەتكەندىن كېيىن، ھەممەيلەننى چاۋاك چېلىشقا بۇيرۇدى. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ قانداقسىگە بۇ شېئىرنى بىردەمدىلا يادلاپ بولالىغانلىقىدىن تولىمۇ ھەيران قېلىشتى.

مۇئەللىم مۇشۇ ئۇسلۇبنى پۈتۈن دەرسلەردە ئوخشىمىغان شەكىلدە بىر ھەپتىگىچە داۋاملاشتۇردى. بۇ جەرياندا سىنىپتىكى ھېچكىم جاۋاب بېرەلمىگەن سوئاللارغا پەقەت مۇشۇ ئوقۇغۇچىلا دادىللىق بىلەن جاۋاب بەردى. بۇ چاغدا مۇئەللىم ئۇنى كۆپ ماختىدى. ئوقۇغۇچىلارمۇ بارا - بارا ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن چاۋاك چېلىپ قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىشقا باشلىدى. بىراق، ئۇلار بۇ ئىشتىن ھەيران ئىدى.



كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مەزكۇر ئوقۇغۇچىنىڭ روھىي كەيپىياتىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ ئەمدى بۇرۇنقى ئوقۇتقۇچىسى ئېيتقاندەك «دۆت» ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ئەقىللىق ھېسابلايدىغان، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بىرىگە ئايلانغان، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ئۇنىڭغا باشقىلار بىلەن ئۆگىنىشتە بەسلىشەلەيدىغان جۈرئەت ئاتا قىلغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بارا - بارا سىنىپتا ئەلاچىلىقنى تالىشىدىغان، تىرىشچان ئوقۇغۇچىغا ئايلاندى.

كۈنلەر ئۆتۈپ يىللىق ئىمتىھان ۋاقتىمۇ يېقىنلاشتى. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ ھەممە پەندە يۇقىرى نومۇر ئالدى، ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ ئوقۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تولۇق ئوتتۇرا

مەكتەپلەرگە ئەلا نەتىجە بىلەن كىردى، ئىزچىل تىرىشىش نەتىجىسىدە ئالىي مەكتەپكىمۇ يۇقىرى نومۇر بىلەن قوبۇل قىلىندى، ئۈزلۈكسىز يۇقىرى ئۆرلەپ، ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئوقۇشىنىمۇ ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىدى.

بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ھېكايىسى تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىپ ھەتتا گېزىت ـ ژۇرناللاردىمۇ ئېلان قىلىندى. ئۇ داۋاملىق ئاشۇ مېھرىبان، تەدبىرلىك ئوقۇتقۇچىسى نۇر ئەلا مۇئەللىمگە دۇئا قىلاتتى.

ئىنسانلار ئادەتتە مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى سىزنى ياخشىلىققا باشلاپ، يامانلىقتىن توسىدۇ؛ قىيىنچىلىققا يولۇقسىڭىز، ياردەم بېرىدۇ؛ چۈشكۈنلەشسىڭىز، ئىلھاملاندۇرىدۇ؛ گاڭگىراپ قالسىڭىز، قولىڭىزدىن يېتىلەيدۇ؛ تەدبىرلىك، پىلانلىق كېلىدۇ.

يەنە بىر تۈرلۈكى سىزنىڭ بەخت ـ ئىستىقبالىڭىزغا توسالغۇ بولىدۇ؛ يامان يولغا باشلاپ، ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قويىدۇ؛ داۋاملىق ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ، ئىشىنىڭ يامان تەرىپىنىلا ئويلايدۇ؛ ئىلھاملاندۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭىز ئالدىغا توساق قويىدۇ؛ دائىم گۇمانخورلۇق قىلىدۇ؛ ھاياتنى سۆيمەيدۇ؛ تۇرمۇشىدىن دادلاپلا ئۆتىدۇ.

شۇڭا، ناۋادا ئاللاھ بالىڭىزغا بىرىنچى تۈردىكى ئوقۇتقۇچىنى نېسىپ قىلغان بولسا، بالىڭىز ھەقىقەتەن ئۈمىدۋار، غەلىبە قازىنالايدىغان، ياراملىق ئادەم بولىدۇ. ئۇنداق ئوقۇتقۇچىنى چوقۇم قەدىرلەڭ!

# سائەت ئوغرىسى

تولىمۇ ئەخلاقلىق، دىن - دىيانەتلىك، بىلال ئىسىملىك بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ ئايالى بىلەن مەلۇم بىر دوستىنىڭ توي مۇراسىمغا قاتناشتى. توي مۇراسىمدا توساتتىن بىرىنى كۆرۈپ قېلىپ، خۇشاللىقتىن ئايالىغا مۇنداق دەپ تاشلىدى:



- ھەي قاراڭ!

ئاۋۇ كىشى مەن سىزگە كۆپ گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان مۇئەللىمىم بولىدۇ. يىگىرمە يىلدىن بېرى ئۇنى ئۇچرىتىپ باقمىغان ئىدىم. ئۇنىڭ بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۆتكۈزگەن بىر كۈننى مەڭگۈ ئۇنۇتالمايمەن.

يىگىت شۇنداق دېگىنىچە، تولىمۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇئەللىمىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئۇستازىم، مېنى ئەسلىيەلىدىڭىزمۇ؟ - دېدى تارتىنغان ھالدا.

- ياق، ئوغلۇم! ئېسىمگە ئالالمىدىم. سىز كىم بولىسىز؟

- مەن بۇندىن يىگىرمە يىل بۇرۇن باشلانغۇچ مەكتەپتە

HAKSEVER ھەقسۆيەر

ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ساۋاقداشلىرىمنىڭ قول سائىتىنى ئوغرىلىۋالغان ئوقۇغۇچىغىز بولىمەن.



ئەينى چاغدا مەزكۇر ساۋاقدىشىم سائىتىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، يىغلاپ سىنىپنى بېشىغا كىيگەن ئىدى. سىز شۇ چاغدا ھەممىمىزنى تام تەرەپكە قارىتىپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ، كۆزىمىزنى يۇمۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن ئۇستىباشلىرىمىزنى بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇشقا باشلىدىڭىز. قول سائىتىنى مەن ئوغرىلىۋالغان بولغاچقا، ساۋاقداشلىرىم ئارىسىدا رەسۋا بولىدىغان بولدۇم، ئەمدى مەن تۈگەشتىم، مەڭگۈ «ئوغرى» دېگەن ئاتاققا قالىدىغان بولدۇم، دەپ قورقۇۋاتاتتىم.

لېكىن، سىز بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇپ، نۆۋەت ماڭا كەلگەندە ئوغرىلانغان سائەتنى مېنىڭ يانچۇقۇمدىن تاپقان بولسىڭىزمۇ، توختاپ قالماي تاپالمىغان قىياپەتتە سىنىپتىكى ئەڭ ئاخىرقى بالىغا قەدەر ھەممەيلەننىڭ ئۈستىبېشىنى بىر قاتار ئاختۇرۇپ چىقتىڭىز. ئاندىن ھەممىمىزنى ئورنىمىزغا بېرىپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدىڭىز. مەن كۆڭلۈمدە «ئەمدى رەسۋا بولىدىغان



بولدۇم، ئوقۇتقۇچۇم مېنى پۈتۈن ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدىدا سازايى قىلىدىغان بولدى دەپ بەكمۇ قورقتۇم. لېكىن، سىز مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئالمايلا، سائەتنى ھېلىقى ساۋاقدىشىمغا بەردىڭىز. شۇ چاغدا سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى يوشۇرىدىكەن، ئاللاھمۇ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى يوشۇرىدۇ» دېگەن ھەدىسى بويىچە ئىش كۆرۈپتىكەنسىز. مەن تاكى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بولغۇچە سىز شۇ ئىش توغرۇلۇق ماڭا بىرەر قېتىممۇ ئاچچىقلاپ ياكى ئەيىبلەپ باقمىدىڭىز، ئۇ ئىشنى يۈزۈمگە سېلىپ، مېنى خىجىل قىلمىدىڭىز.



بىلەمسىز، مۇئەللىم؟ مەن شۇ چاغدا ئۆز ـ ئۆزۈمگە ھەرگىز ئوغرىلىق قىلماسلىققا؛ ناماز ئوقۇيدىغان، راستچىل، دۇرۇس ئادەم بولۇشقا ۋەدە قىلغان ئىدىم. ئەمدىغۇ ئېسىڭىزگە كەلگەندىمەن، ئۇستاز؟ مەن سىزنىڭ ئوقۇغۇچىڭىز بولىمەن. مېنىڭ سىز بىلەن ئەنە شۇنداق ئۇنتۇلماس بىر كەچمىشىم بار.

مۇئەللىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىسى بىلالغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ، قولىنى چىڭ سىقمىدىغان ھالدا مۇنداق دېدى:

- توغرا، ئەمدى ئېسىمگە ئالدىم. مەن ھەممىڭلارنىڭ ئۇستىبىشىڭلارنى ئاختۇرۇپ سائەتنى ئوغرىلىۋالغان بالىنى تېپىپ چىقىپ، ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا سازايى قىلغاندىن كېيىن سائەتنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولدۇم - يۇ، بىرەر قېتىم نادانلىق قىلىپ ئوغرىلىق قىلىپ قويغان بالىنىڭ كۆپچىلىك ئالدىدا رەسۋا بولۇشىنى خالىمىدىم، كۆڭلىنى ئايىدىم. بىراق، سەن بىلمەيدىغان يەنە بىر ئىش بار. ئوغلۇم! ئۇ چاغدا مەنمۇ سىلەرنىڭ ئۇستىبىشىڭلارنى كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئاختۇرغان ئىدىم. چۈنكى، مەن كىچىكلىك قىلىپ ئوغرىلىق قىلىپ سالغان بالىغا نىسبەتەن قەلبىمدە ئازراق بولسىمۇ داغ ساقلىنىپ قېلىشىنى خالىمايتتىم.



بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان بىلال كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ تۇرۇپ مۇئەللىمگە مۇنداق دېدى:

- ئۇستاز! سىز نېمىدېگەن ئالىيجاناب ھە! سىزنى ئاران دېگەندە ئۇچراتتىم، ئەمدى بىز تاشلىشىپ كەتمەيلى، پات - پات ئالاقىلىشىپ تۇرايلى، ئۇستاز!

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ بىشىدىن بىرەر كۇلپەتنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھمۇ ئۇنىڭ بېشىدىن قىيامەتنىڭ كۇلپەتلىرىدىن بىر كۇلپەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ؛ كىمكى بىر مۇسۇلمانغا

ئاسانلىق يارىتىپ بەرسە، ئاللاھمۇ قىيامەتتە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاسان قىلىدۇ؛ كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپقان بولسا، ئاللاھمۇ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى ياپىدۇ؛ بەندە قېرىندىشىنىڭ ياردىمىدىلا بولىدىكەن، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ؛ بىر مۇسۇلماننىڭ ئىشلىرىغا قولايلىق يارىتىپ بەرسە، ئاللاھمۇ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ»[1].



«بىر توپ كىشى ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىرىگە (يەنى مەسچىتكە) يىغىلىپ، ئاللاھنىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ، ئۆزئارا مۇزاكىرە قىلىشقانلا بولسا، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ خاتىرجەملىكى چۈشىدۇ، رەھمىتى قاپلايدۇ. بىر ئادەمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى يېتەرسىز بولسا، نەسەبىنىڭ (ئېسىللىكى) ئۇنىڭغا ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ»[2].

1) سەھىھ مۇسلىم، 2699.
2) ئەبۇ داۋۇد، 1455.

# تېلېفون بولغۇم بار!

ئۆز كەسپىدە پىشقان، تەدبىرلىك بىر ئايال ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش كەسپىدە پىشقان، ماھىر بىر ئىنژېنېر بىلەن توي قىلدى. ئىككىيلەن توي قىلىپ بىر يىلدىن كېيىنلا بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى. ئوغۇل ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ئانىسىنىڭ سىنىپىغا كىرىپ




ئوقۇدى. بىراق، ئۇ ناھايىتى جىمغۇر بولۇپ، قاچانلا قارىسا، غەمكىن كۆرۈنەتتى. يالغۇز قالسىلا، كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇمايتتى. ئاتا - ئانىسى ھەتتا دوختۇرلارمۇ ئۇنى بۇ جىمغۇرلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قوللىرىدىن كەلگەن چارە - ئاماللارنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، ھېچ پايدىسى بولمىدى.

بىر كۈنى مەزكۇر ئايال ئوقۇتقۇچى دەرستىن چۈشكەندە ئوقۇغۇچىلارغا ئەتە ئەتىگەنگىچە ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ھەققىدە ئويلىنىپ كېلىشىنى ئېيتتى. دەرسلەر ئاخىرلىشىپ ئۆيگە قايتىش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلار بەس - بەستە ئۆزلىرىنىڭ شېرىن ئارزۇلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى. بىرى: مېنىڭ ئاجايىپ ئېسىل، كۆپ ئىقتىدارلىق بىر ئويۇنچۇقۇم بولسىكەن، دېسە، يەنە بىرى: مەكتەپ بويىچە ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولسامكەن، دەيتتى. يەنە بىرى: ئاداۋەتلىشىپ قالغان

ساۋاقداشلىرى بىلەن يارىشىپ قېلىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتاتتى. قىسقىسى، ھەممەيلەننىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارزۇسى بار ئىدى.

ئەتىسى ئوقۇتقۇچى ھەربىر ئوقۇغۇچىغا بىر ۋاراق قەغەز بېرىپ، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى يېزىشقا بۇيرۇدى... ئوقۇغۇچىلار كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى قەغەزلەرنى يىغىۋېلىپ، ئۆيىگە قايتقاندا ھەممىنى بىر - بىرلەپ ئوقۇپ چىقىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى.




ئوقۇتقۇچى ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن ۋاراقچىلارنى بىر - بىرلەپ ئوقۇپ چىقتى. ئەمما، ئالدىدا تۇرغان بىر ۋاراق قەغەز ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. ئۇ بىردىنلا ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئايالىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەر:

– نېمە بولدى؟ نېمىشقا يىغلايسىز؟ – دەپ سورىدى.

– بۇنى سىزمۇ ئوقۇپ بېقىڭ! – دېدى ئايال كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.



ئايال شۇنداق دېگىنىچە قەغەزنى يولدىشىغا سۇندى. قەغەزدە ناھايىتى تەسىرلىك يېزىلغان مۇنۇ جۈملىلەر بار ئىدى:

«ئەي قۇدرەتلىك رەببىم! مەن بۈگۈن سەندىن ناھايىتى مۇھىم بىر تىلەك تىلەيمەن. مېنى تېلېفونغا ئايلاندۇرۇۋەتكىن! مېنىڭ تېلېفونغا ئۆزگىرىپ كەتكۈم بار. چۈنكى، ئاتا - ئانام تېلېفونلىرىنى قوللىرىدىن چۈشۈرمەيدۇ. تېلېفونغا بەك ئامراق. كۆپ ۋاقتىنى تېلېفون بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. مەن ھەقىقەتەن بىچارىمەن. مەكتەپتىن قايتقىنىمدا ئۆيگە كەلگۈم كەلمەيدۇ. دادام تېلېفون بىلەن ئالدىراش، ئاناممۇ ئىشتىن كەلسە تېلېفونغا قاراپلا ئولتۇرىدۇ، مەن بىلەن




كارى بولمايدۇ. بۇنداق چاغلاردا: كاشكى، تېلېفونغا ئۆزگىرىپ كەتسەمچۇ! ئاتا - ئانام ماڭا تېلېفونلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەندەك كۆڭۈل بۆلسە، تېلېفونلىرىغا قارىغاندەك قارىسا، مەن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم، دەپ كېتىمەن».


يولدىشىمۇ خەتنى ئوقۇپ ئۆزىنى تۇتالماي، يىغلاپ كەتتى ۋە ئايالىغا:

- ۋاي خۇدايىم! بۇ بالا ھەقىقەتەن بىچارە ئىكەن، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى نېمىدېگەن مەسئۇلىيەتسىز، ناچار نېمىلەر! - دېدى.

- توغرا دېدىڭىز، بىز نېمىدېگەن مەسئۇلىيەتسىز! بۇ بىزنىڭ ئوغلىمىزنىڭ خېتى، - دېدى ئايال يولدىشىغا ئەپسۇسلانغان

نـەزەردە قـاراپ.

شـۇنىڭ بىلـەن ئـۇ ئوغلـى بىلـەن كۆپـرەك سىردىششقا ۋاقـت ئاجرىتىـش ئۈچـۈن ئىدارىدىـن بىـر مەزگىـل رۇخسـەت سوراشـنى قـارار قىلـدى. مەكتـەپ مۇدىـرى ئۇنىـڭ نېمىشـقا بۇنچـۋالا ئـۇزۇن رۇخسـەت سـورايدىغانلىقىنى سۈرۈشـتە قىلغانـدا، ئـۇ ھەسـرەتلىنىپ تـۇرۇپ مۇنـداق دېـدى:


وتأخذ الحكمة والعبرة من القصة وهي بأن الأبناء واحدة من نعم الله علينا، وهم رأس المال في الحياة وأيضا الاستثمار المربح، وهو من أهم الأشياء في حياتنا، لذلك علينا العيش معهم وحولهم، وأن لا نعيش من أجلهم فقط، لذلك من أفضل ما نستطيع تقديمه للأبناء هو الاستماع لهم، والاهتمام الصحيح بالحديث الذي يقولونه، ونقترب منهم خصوصا في طفولتهم.

ـ بالىـلار ئاللاھنىـڭ بىزگـە بەرگـەن كاتتـا نېمىتـى، دۇنيـادا ئـەڭ كۆڭـۈل بۆلۈشـكە تېگىشلىك قەدىردانلىرىمىز ئىكـەن. شـۇڭا، مـەن ئـۇلار بىلـەن كۆپـرەك بىرگـە ياشاشـنى، ۋاقتىمنىـڭ كۆپرەكىنـى شـۇلار بىلـەن ئۆتكۈزۈشـنى، ئوينىششـنى، سىردىششـنى خالايمـەن.


ئاللاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿ماڭا دۇئـا قىلىـڭلار، مـەن (دۇئايىڭلارنـى) ئىجابـەت قىلىمـەن (تىلىگىنىڭلارنـى بېرىمـەن)، شۈبھىسـىزكى، مېنىـڭ ئىبادىتىمدىـن چوڭچىلىـق قىلىـپ بـاش تارتىدىغانـلار خـار ھالـدا جەھەننەمگـە كىرىـدۇ﴾[3].

3) غافىر سۈرىسى، 60 ـ ئايەت.

# ئۇنىنچى شىرىك

مىسىرنىڭ دەقھەلىيە ۋىلايىتىنىڭ مەلۇم بىر شەھىرىدە ياشايدىغان، سالاھ ئەتىييە ئىسىملىك بىر ئىنژېنېر بار ئىدى. ئۇ داۋاملىق ئاددىي - ساددا كىيىنىپ يۈرەتتى. كۆنلەردىن بىرىدە ئۇ ئۆز شەھىرىدىكى زىرائەت فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن توققۇز نەپەر ساۋاقدىشى بىلەن مەلۇم بىر تۈرگە مەبلەغ سالماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭراق بىرەر ئىشنى روياپقا چىقىرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى خالايدىغانلاردىن ئىدى. بۇ ئىش دەسلەپتە 20 مىڭ جۇنەي بىلەن باشلىنىدىغان بولۇپ بېكىتىلىپ، ھەر كىشىدىن 2000 جۇنەي چىقىرىش تەلەپ قىلىندى. بىراق، بىر كىشى كەم ئىدى. ئۇلار ھەرقانچە ئىزدەنگەن بولسىمۇ، مۇناسىپ بىر شېرىك تاپالمىدى. ئۇيلىمىغان يەردىن ئىنژېنېر ئەتىييە:

- مەن بىر شېرىك تاپتىم. بىزنىڭ ئۇنىنچى شېرىكىمىز ئاللاھ بولسۇن. ئالغان پايدىمىزنىڭ ئوندىن بىرىنى ئاللاھ يولىدا ئىشلىتەيلى! - دېدى.



ھەممەيلەن بۇ پىكىرگە خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىرى يەنە 200 جۇنەيدىن پۇل چىقىرىپ، تۇنجى قارارلىق پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قەدەم قويدى. ئۇزۇن ئۆتمەي خېلى كۆپ پايدا كۆرۈلدى. ئىككىنچى قارارلىق پىلاندا ھەممەيلەن مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ئۇنىنچى شېرىكنىڭ

ھەسسىسىنى كۆپەيتىپ 100دە 20 پىرسەنتكە چىقاردى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(پەرز) نامازلارنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىڭلار (يەنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىڭلار)، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن (دۇنيادا) قانداق ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىسىلەر (دۇنيا بولسا پانىيدۇر، ئاخىرەت بولسا باقىيدۇر، ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ھەممىدىن ئارتۇقتۇر)، ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[4].

ئۇلارنىڭ تىجارىتى ناھايىتى روناق تاپتى. ھەر يىلى ئۇنىنچى شېرىكىنىڭ ھەسسىسىنى كۆپەيتىۋېرىپ، ئاخىر 100دە 50 پىرسەنتكە چىقاردى.



ئۇلار ئاللاھ ئۈچۈن ئايرىپ قويغان پۇل ـ ماللارنى تۆۋەندىكىدەك ئىشلارغا ئىشلەتتى:

دەسلەپتە قۇرئان كەرىم ۋە باشقا دىنىي دەرسلەر ئۆگىتىلىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ، ئاندىن مەخسۇس قىزلار ئۈچۈن بىر دىنىي ئىنستىتۇت قۇردى.

4) مۇززەممىل سۈرىسى، 20 ـ ئايەت.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇل ـ قىزلار ئۈچۈن يەنە ئىككى دىنىي مەكتەپ، ئىككى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇردى.



ئۇلارنىڭ تىجارىتى تېخىمۇ روناق تېپىشقا باشلىدى. ئۇلار يەنە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىقتىسادىي پوندى جەمئىيىتى قۇرۇپ، ئاجىزلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي شەھەردە تۆمۈر يول ياسىدى، پويىز ئىستانسىسى قۇردى، مىسىر تارىخىدا تۇنجى قېتىم كىچىك بىر يېزىدا ئۇنىۋېرسىتېت قۇردى.

كېيىن ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قۇرۇلغان ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ سانى تۆتكە يەتتى. ئۇلار يەنە 600 كىشىلىك بىر قىزلار ياتاق بىناسى، 2000 كىشىلىك بىر ئوغۇللار ياتاق بىناسى سالدۇردى. مەخسۇس ئاپتوبۇسلارنى سېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بېلىتىنى ھەقسىز قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ياردىمىدە يېزىدا بىرمۇ نامرات كىشى قالمىدى.

كېيىن ئۇلار قوشنا شەھەرلەردىمۇ خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىنى قانات يايدۇردى. ھەر شەھەردە ئىقتىساد فوندى جەمئىيىتى قۇرۇپ، يېتىم ـ يېسىرلارغا، تۇل خوتۇن ۋە كەمبەغەللەرگە كۆپلىگەن ياردەملەرنى قىلدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئۆزلىرى موھتاج تۇرۇقلۇق مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ:) سىلەرگە بىز ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۈر كۈتمەيمىز﴾[5].

بۇنىڭدىن باشقا ئۇلار يەنە ئىشسىزلارغا ئىش تېپىپ بېرىپ، جاھاندارچىلىقنىڭ يولىنى ئۆگىتىپ قويىدى. تىجارەت دائىرىسىنى بارا - بارا كېڭەيتىپ، قوشنا دۆلەتلەرگە سەي - كۆكتاتلارنى ئىمپورت قىلىدىغان بولدى. ھەر قېتىم مەھسۇلاتلار يىغىلغاندا نامرات ئائىلىلەرگە سەي - كۆكتاتلارنى ھەقسىز تارقىتىپ بېرەتتى، ھەر يىلى رامىزاندا ھەرقايسى مەسچىتلەردە مۇسۇلمانلارغا تولۇق بىر ئاي ئىپتارلىق بېرەتتى، مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ، توي قىلىش شارائىتى يوقلارنىڭ چىقىملىرىنى كۆتۈرۈپ، تويىنى قىلىپ قوياتتى. ئۇلار بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلاتتى. ئىنژېنېر



سالاھ ئەتىييە شىركەت باشلىقى ئەمەس، پەقەت ئاللاھ يولىدا خىزمەت قىلىدىغان پىداكار بىر ئەزىمەت ئىدى.

5) ئىنسان سۈرىسى، 8ـ9 ـ ئايەتلەر.

HAKSEVER

ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىر كۈنى ئۇنىڭغا ئەجەل كەلدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ نامىزىغا 500 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم قاتناشتى. يەنە ئۇنىڭ نامىزىغا قاتنىشالمىغان مىليونلارچە ئىنسانلار كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا ئۇنىڭغا خەيرلىك دۇئالارنى قىلىشتى.



ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەي ئادەمزات! (پۇل ـ مېلىڭنى) ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلغىن، ساڭا بەرىكەت ئاتا قىلىمەن»[6].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ــ ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان مۇكاپات (ئۇلارنىڭ) تۇرار جايى بولغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ. بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققانلارلا ئېرىشەلەيدۇ﴾[7].

---

6) سەھىھ بۇخارى، 5352.

7) بەييىنە سۈرىسى، 7ــ8 ـ ئايەتلەر.

# ئەمەلىي تەربىيە

ئەھمەد ئىسىملىك ناھايىتى سېخىي بىر كىشى بولۇپ، ھەر ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى ماشىنىسىنىڭ ئارقىسىنى تاتلىق - تۈرۈملارغا لىققىدە تولدۇرۇپ، ئۆيىدىن يېرىم سائەت ئۇزاقلىقتىكى بىر يېزىغا ئاپىرىپ نامراتلارنىڭ باللىرىغا تارقىتىپ بېرەتتى.



ئەھمەدنىڭ باي، ئەمما ناھايىتى بېخىل بىر قوشنىسى بار ئىدى. ئۇزۇندىن بېرى ئەھمەدنى كۆزىتىپ كېلىۋاتقان بۇ قوشنا ئەھمەد ماشىنىغا تاتلىق - تۈرۈملارنى قاچىلاۋاتقان يېڭى ئاينىڭ بىر كۈنى ئۇنىڭدىن سوراپ قالدى:

- بۇ تاتلىق - تۈرۈملارنى نەگە ئاپىرىسىز؟ قارىغاندا بۇلار ناھايىتى قىممەت باھالىقتەك قىلىدۇ.



ئەھمەد بېخىل قوشنىسىغا بۇ ئىشنى ئەينەن چۈشەندۈرۈپ قويۇش ۋە ئەمەلىي تەربىيە بېرىش مەقسىتىدە ئۇنى ئۆزى بىلەن بىرگە ھېلىقى يېزىغا

بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. قوشنىسى ماقۇل بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يولغا چىقتى. ئەھمەد يول بويى ماشىنىدا ناھايىتى مۇڭلۇق قۇرئان تىلاۋىتىنى تىڭشىغاچ ماڭدى. مەزكۇر يېزىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، قوشنىسىغا باشقىلارغا ياردەم بېرىشنىڭ لەززىتىنى ئەمەلىي ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن تاتلىق - تۈرۈملەرنى تارقىتىشقا ياردەملىشىشىنى ئېيتتى.



ئۇلار ھەر قېتىم بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەككەندە، باللار يۈگۈرۈپ چىقىپ:

- ئانا! تاغام بىزگە تاتلىق - تۈرۈم ئېلىپ كەپتۇ، - دەپ چۇرقىرىشىپ، خۇشاللىقتىن سەكرىشىپ كېتەتتى. ئۇلار مەلۇم بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەككەندە ياشانغان بىر موماي ئىشىكنى ئاچتى - دە، ئەھمەدنىڭ قولىدىكى تاتلىق - تۈرۈملەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ئاللاھتىن ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشىنى، تېنىگە ساقلىق، مېلىغا بەرىكەت بېرىشىنى، قىيامەت كۈنى جەننەت ئاتا قىلىشىنى تىلەپ ئۇزۇنغىچە دۇئا قىلدى.



ئەھمەد بېخىل قوشنىسى بىلەن بىرگە ئۆيمۇئۆي ئىشلەك چېكىپ يۈرۈپ، ماشىنىدىكى تاتلىق - تۈرۈملارنى يېزىدىكى كەمبەغەللەرنىڭ باللىرىغا تارقىتىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، پەقەت بىر قاپ تاتلىق - تۈرۈمنىلا ئېلىپ قېلىپ، ئۆيىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئەھمەدنىڭ بېخىل قوشنىسى يولدا كېتىۋېتىپ:



- نېمىشقا ئۇلارغا بۇنداق قىممەت باھالىق تاتلىق - تۈرۈملارنى تارقىتىپ بېرىسىز؟ ئۇنداق قىلغۇچە نەق پۇللا تارقاتسىڭىز بولمامدۇ؟ - دەپ سورىدى ھەيرانلىق بىلەن.

ئەھمەد تەبەسسۇم بىلەن چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

- بۇ مەن تۇغۇلۇپ، يېتىملىكتە چوڭ بولغان يېزا بولىدۇ. يېزىدىكى كىشىلەر گەرچە نامرات بولسىمۇ، ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ئىدى، ماڭا تولىمۇ ھېسداشلىق قىلاتتى، يېتىملىكىمنى چاندۇرمايتتى، ماڭا داۋاملىق مۇشۇنداق تاتلىق - تۈرۈملارنى ئېلىپ بېرەتتى. ئۇ چاغلاردا يېگەن تاتلىق - تۈرۈملارنىڭ لەززىتى ھېلىمۇ ئاغزىمدىن كەتمەيدۇ. مانا ئەمدى مەن چوڭ بولۇپ، ئاللاھ ماڭا مال - دۇنيا ۋە كەڭرى رىزىق ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىغا باللىرىغىمۇ ئەنە شۇنداق تاتلىق - تۈرۈملارنى تارقىتىپ بېرىش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇشنى

مۇۋاپىق كۆردۇم. تاتلىق - تۈرۈم قاچىلانغان مۇنۇ ئېسىل قاپىقا قاراپ بېقىڭ!



بىخىل قوشنا قاپىنى ئېچىپ، قاپىقا تاتلىق - تۈرۈملار بىلەن بىرگە پۇل قاچىلانغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشتى.

- نېمىشقا ئۇلارغا نەق پۇلنىلا بەرمەيسىز؟ ئۇ چاغدا تاتلىق - تۈرۈم سېتىۋالىمەن دەپ ئاۋارىمۇ بولمايسىز ئەمەسمۇ؟

ئەھمەد تەبەسسۇم قىلىپ مۇنداق جاۋاب بەردى:

- مەن نەق پۇلنى تاتلىق - تۈرۈملار قاچىلانغان قاپىنىڭ ئىچىگە سېلىپ بېرىشىمدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياش، غۇرۇر ۋە قەدىر - قىممىتىنى ساقلاش، خىجالەتتە قويماسلىق ئۈچۈندۇر. نەق پۇلنىلا بەرسەم، ئۇلار خىجىل بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بالىلىرىغا تاتلىق - تۈرۈملارنى بەرگەچ، نەق پۇللارنىمۇ بېرىمەن. تاتلىق - تۈرۈملارنى بېرىشىمدىكى سەۋەپ بىرىنچىدىن، بالىلار تاتلىق - تۈرۈملارنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، مەنمۇ يۇرتداشلىرىم بەرگەن ئەنە شۇنداق تاتلىق - تۈرۈملارنى يەپ چوڭ بولغان. شۇ بالىلىق چاغلىرىمدا يېگەن تاتلىق - تۈرۈملارنىڭ تەمى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن

سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر، (ئاللاھ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[8].



بېخىل قوشنا يول بويى توختىماي ئەھمەدتىن سوئال سوراپ ماڭدى. ئەھمەدمۇ ئۇنىڭ سوئاللىرىغا تېرىكمەي جاۋاب بېرىپ نۇرغۇن تەربىيەلەرنى قىلدى. ئۆيگە ئاز قالغاندا تۇيۇقسىز بىر ئاپتوبۇس چىقىپ قېلىپ، سوقۇلۇپ كەتكىلى تاس قالدى. ئەھمەد چاققانلىق بىلەن رولنى بۇراپ ئۆزىنى قاچۇرمىغان بولسا، سوقۇلۇپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.ئەھمەد قوشنىسىغا قاراپ كۈلۈپ:


— ئاللاھقا شۈكرى، رەببىمىز بىزنى موھتاجلارنىڭ دۇئاسى بىلەن قوغداپ قالدى، — دېدى. ئەھمەدنىڭ قوشنىسى ئۇنىڭدىن ناھايىتى تەسىرلىنىپ كۆزىگە لىق ياش ئالغىنىچە ئىختىيارسىز ھالدا:

— شۇنداق، ئاللاھ بىزنى سىزنىڭ پېقىر - مىسكىنلەرگە قىلغان ياخشىلىقىڭىز تۈپەيلى قوغداپ قالدى.

8) نىسا سۈرىسى، 92 - ئايەت.

بۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ ھەر ئايدا مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، پېقىر ـ مىسكىنلەرگە ياردەم قىلىمەن. شۇ ئارقىلىق ئاللاھ ئائىلىمىزدىكى كېسەللىك ۋە بەختسىزلىكلەرنى كۆتۈرۈۋەتسە ئەجەب ئەمەس.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانىغا ئوخشايدۇ[9]. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر (ئاللاھ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر). پۇل ـ مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئاندىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير ـ ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (قىيامەت كۈنى) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ﴾[10].



9) بۇ، ئاللاھ ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان پۇل ـ مالنىڭ ساۋابىنىڭ ھەسسىلەپ كۆپ بولىدىغانلىقىغا مىسال.

10) بەقەرە سۈرىسى، 262 ـ ئايەت.

# تەقۋادارلىقنىڭ مۇكاپاتى

بىر كۈنى مەلۇم بىر مۇئەللىمە ئوقۇغۇچىلىرىنى تارىخىي ئاسارە - ئەتىقىلەرنى زىيارەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا ئېلىپ چىقتى. زىيارەت جەريانىدا بىر قىز ئۇلاردىن ئۇزاقراق يەرگە كېتىپ قالدى. قايتىش ۋاقتى يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، قىز تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى. ھەممەيلەن ئاپتوبۇسقا چىقتى.



ئاپتوبۇس قوزغالدى... بۇ چاغدا قىز يىراقتا كېلىۋاتقان بولۇپ، قولىدىكى ھەممە نەرسىنى تاشلاپ، ئاپتوبۇسنىڭ كەينىدىن ۋارقىراپ قوغلاشقا باشلىدى... بىراق ھېچكىم ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى. ئاپتوبۇس بارا - بارا ئۇزاقلاشتى. قىز بىردىنلا قورقۇشقا باشلىدى...



كەچ كىرىپ ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. تىمتاس ئورمانلىقتا بۆرىلەر ھۇۋلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قىزنى تېخىمۇ قورقۇنچ باستى. ئەنسىزلىك ئىچىدە يولنى تاپالماي، تىمتاس ئورمانلىقتا ئۇياق - بۇياققا ماڭاتتى. ئۈشتۈمتۈت

يىراقتىن پىلىلداۋاتقان غۇۋا بىر يورۇقلۇققا كۆزى چۈشتى. يېقىنلاشقانسېرى ئۇ يەردە بىر كەپە بارلىقىنى بىلدى.

قىز خۇشاللىقتىن شۇ تەرەپكە يۈگۈردى. ئەسلىدە ئۇ كەپىدە كەمبەغەل بىر يىگىت ياشايدىكەن. قىز كەپىگە كىرىپ يىگىت بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.



— بولىدۇ، بۇ كېچە مېنىڭ كەپەمدە قونۇپ قېلىڭ! تاڭ يورۇغاندا سىزنى ھەمراھلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قوياي. سىز ماۋۇ كارىۋاتتا ئۇخلاڭ، مەن يەردە ياتاي، — دېدى يىگىت ئەدەپ بىلەن.

قىز ئامالسىز بۇ غېرىبانە كەپىدە قونۇپ قالدى، لېكىن ئەنسىزلىك ئىچىدە ھېچ ئۇيقۇسى كەلمەيۋاتاتتى. ئەسلىدە قىز ناھايىتى باي بىر ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، تولىمۇ چىرايلىق

ئىدى. گۈزەل ئەخلاقى ۋە تالانتى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن يىگىتلەر ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. قىز يىگىتنىڭ كېچىدە نەچچە قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر كىتابنى ئوقۇپ، ئاندىن قولىنى شامغا ياققانلىقىنى كۆردى.



ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بەزى كىشىلەر باركى، بۇلار ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ (قىلغان ئەمەلى بىلەن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ). ئاللاھ بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر﴾[11].

ئەتىسى ئەتىگەن يىگىت ئۇزاق يول يۈرۈپ، قىزنى ئاپتوبۇس بار يەرگە ئاپىرىپ قويدى. قىز ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن بولغان ئىشلارنى دادىسىغا سۆزلەپ بەردى. دادىسىنىڭ مەزكۇر يىگىتنىڭ نېمىشقا قولىنى شامغا ياققانلىقىنى بىلىپ باققۇسى كېلىپ، ئۇزاق يول يۈرۈپ يىگىتنىڭ يېنىغا كەلدى. يىگىتنىڭ رەخت بىلەن ئورالغان قولىنى كۆرگەن دادا ھەيرانلىق بىلەن:



ــ بارمىقىڭىزغا نېمە بولدى؟ ــ دەپ سورىدى.

11) بەقەرە سۈرىسى، 207 ـ ئايەت.

— تۈنۈگۈن كەچ يولدىن ئېزىپ قالغان بىر قىز يېنىمغا كېلىپ، كەپەمدە قونۇپ قالغان ئىدى. قىز ناھايىتى گۈزەل بولۇپ، شەيتان مېنى قۇترىتىشقا باشلىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ نەچچە قېتىم قۇرئان ئوقۇدۇم. شۇنداقتىمۇ شەيتان يەنىلا مېنى ئازدۇرۇشتىن ۋاز كەچمەيۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن جەھەننەمنىڭ ئازابىنى ئەسلەش ئۈچۈن قولۇمنى شامغا ياقتىم. شۇنداق قىلىپ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى يەڭدىم. ئاللاھقا چەكسىز شۈكۈرلەر بولسۇن! — دېدى يىگىت قىزنىڭ دادىسىغا جاۋابەن.



بۇنى ئاڭلىغان دادا يىگىتنىڭ تەقۋادارلىقىدىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭغا:

— مەن بىلەن يۈرۈڭ، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، — دېدى. يىگىت قىزنىڭ دادىسى بىلەن بىرگە ناھايىتى ھەشەمەتلىك بىر ئۆيگە كەلدى. ئۇ كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەيۋاتاتتى. ئالدىدا تۈنۈگۈن كېچە كۆرگەن مەلىكە سۈپەت قىز ئەدەپ بىلەن قول باغلاپ تۇراتتى.

— بۇ قىزنى تونۇمسىز؟ — دېدى قىزنىڭ دادىسى يىگىتكە قاراپ.

— ھەئە، بۇ تۈنۈگۈن كېچە كەپەمدە قونۇپ قالغان ھېلىقى

HAKSEVER

قىز شۇ، ــ دېدى يىگىت جاۋابەن. دادا يىگىتكە قاراپ قىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:



ــ بۇ مېنىڭ قىزىم بولىدۇ. بۈگۈندىن باشلاپ ئۇ سىزنىڭ ئايالىڭىز بولسۇن! ــ دېدى تولىمۇ مەمنۇنىيەت بىلەن.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ بىر (ھارام) ئىشنى تاشلىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ»[12].

قىزنىڭ دادىسىدىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان يىگىت دەرھال شۈكرى سەجدىسى قىلدى. ئۇ ھارام ئىشتىن ساقلانغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھالالنى نېسىپ قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۇرمۇش قۇرۇپ، بەختلىك ياشىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە دۇنيادا (قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[13].

---

12 ) مۇسنەد ئەھمەد، 21996.

13) نەھل سۈرىسى، 97 ـ ئايەت.

# زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئاقىۋىتى

زەھەرلىك چېكىملىككە كۆنۈپ قالغان بىر كىشىنىڭ ئايالى مۇنداق دەيدۇ:

بىر كۈنى قارىسام، ئېرىم ئەمدىلا بىرقانچە ئايلىق بولغان بالىمىزنى بالكوندىن تاشلىۋېتىش ئۈچۈن كۆتۈرۈۋاپتۇ. ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە بالىنى قولىدىن تارتىۋالدىم.



يولدىشىم ئەسلىدە زەھەرلىك چېكىملىككە كۆنۈپ قالغان ئىدى. ئۇ خىروئىن دەيدىغان بۇ لەنىتى زەھەر تۈپەيلى ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى، مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ھېس قىلالمايتتى، زەھەر ئۈچۈن بەزىدە مائاش پۇلۇمنى ئېلىۋالسا، بەزىدە زىبۇزىننەتلىرىمنى ئوغرىلىۋالاتتى. ئۇنىڭغا: «ناماز ئوقۇڭ، قۇرئان ئوقۇڭ، بۇ قىلىقلىرىڭىزنى تاشلاڭ، گۇناھتىن قول ئۈزۈپ، ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭ!» دەپ شۇنچە نەسىھەت قىلساممۇ، قوبۇل قىلمىدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن



بارغانسېرى ئورۇقلاپ كەتتى. ئاندىن مەلۇم بىر دوختۇرخانىغا



داۋالانغىلى باردى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي كونا خۇيى تۇتۇپ، خىرويىننى يەنە چېكىشكە باشلىدى. مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ ئازابلاندىم ھەم خارلاندىم.

بىر كۈنى مۇنداق قورقۇنچلۇق بىر ئىش يۈز بەردى: بەش ياشلىق ئوغلۇم خىرويىن



قالدۇقىنى تۇتقىنىچە يېتىپ قالغان دادىسىنى كۆرۈپ، قولىدىكى خىرويىننى ئاغزىغا سېلىشقا تەمشىلىۋاتقان ئىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم - دە، يۈگۈرۈپ كېلىپ ئوغلۇمنىڭ قولىدىن ئۇنى تارتىۋالدىم. بۇ ئۆيدە تۇرۇۋەرسەم، بالىلىرىمنىمۇ نابۇت قىلىۋېتىشتىن ئەنسىرەپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىشنى قارار قىلدىم.

ئاخىر ئۆيدىن چىقتىم... ئەمما، نەگە بېرىشنى، تەقدىرىمنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. قۇچىقىمدا، يېنىمدا ئوماق بالىلىرىم بار ئىدى. شۇڭا، بۇنداقلا كەتسەم



بولمايتتى. قايتىپ كىرىپ، يولدىشىمدىن سۆزۈمنى ئېلىپ، ئاجرىشىپ ماڭدىم.

بىرىپ ئىش ئىزدەشكە باشلىدىم... باللىرىم سەۋەبلىك باشقىلارنىڭ ھېسداشلىق قىلىشى بىلەن ئىشمۇ تاپتىم. ئەمما، يولدىشىم نېمە بولغاندۇ؟ ئادىتى بويىچە زەھەر چېكىپ، گۇناھقا پېتىپ يۈرگەنمىدۇ؟ دېگەنلەرنى خىيال قىلىپلا ئۆتتۇم.

بىر كۈنى ئەتىگەندە كونا قوشنامغا تېلېفون ئۇرۇپ، يولدىشىمنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردۈم. قوشنام ئۆيدىن سېسىق پۇراق چىقىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ساقچىلارغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.



دەرھال ئۆيگە باردىم. ئېرىم ئوڭدىسىغا ياتاتتى. قولىدا خىرويىن ئۇرىدىغان يىڭنە بار بولۇپ، شۇ پېتى ئۆلۈپ، جەسىتى پۇراپ كەتكەن ئىدى.

﴿ئۇلۇغ ئاللاھ ھەققەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[14].

14)نىسا سۈرىسى، 29.

# سەدىقىنىڭ كۈچى

يولدىشى ۋاپات بولۇپ، ئۈچ بالىسى بىلەن تۇل قالغان سالىھە ئىسىملىك بىر ئايال بار ئىدى. بالىلارنىڭ ئەڭ چوڭى ئون ياشتا بولۇپ، يولدىشىدىن ئۇلارغا تىلغا ئالغۇدەك بىرەر نەرسە قالمىغان ئىدى.




سالىھە يولدىشىنىڭ ھېساباتلىرىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئۇنىڭ مەلۇم بىر سودىگەردىن 10 مىڭ جۈنەي ئېلىشى بارلىقىنى بىلدى. سالىھە ئادۋوكات ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا قولىدىكى ئىسپاتنى تۇتقۇزدى. ئادۋوكات مەھكىمىگە بېرىپ، سودىگەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. سودىگەر قازىخانىغا چاقىرتىلدى. قازى چالا - پۇلا يېزىلغان بۇ ۋاراقچىنىڭ سودىگەرنى سوتقا تارتىشقا يېتەرلىك ئىسپات بولالمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئۈچ بالىسى بىلەن تۇل قالغان بۇ ئايالغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى بولدى.

سوت باشلانغاندا قازى سودىگەرگە مۇنداق دېدى:

- بۇ ئايال ئۈچ بالا بىلەن يولدىشىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. سىزمۇ ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىسىز، ئاللاھنىڭ ئالدىدا سوراققا تارتىلىسىز. ئاللاھ شاھىتكى، ئۇ سىزنىڭ ئۈستىڭىزدە بۇ ئايالنىڭ

يولدىشىنىڭ 10 مىڭ جۈنەي پۇلى بارلىقىنى بىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ ھالىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەس. قىيامەت كۈنى سىزنى قۇتقۇزۇپ قالىدىغان بىردىنبىر نەرسە ئۈستىڭىزدىكى قەرزنى ئادا قىلىۋېتىشتۇر. شۇڭا بۇ ئايالنىڭ شىكايىتىگە نېمە دەيسىز؟



سودىگەر بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن:

– ماڭا بىر كۈن مۆھلەت بېرىڭ! مەن پۈتۈن ئېلىش - بېرىشلىرىمنى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقاي! – دېدى.

قازى سودىگەرنىڭ گەپ - سۆزى ۋە چىراي ئىپادىلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ دىيانەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ:

– بولىدۇ، ئەمىسە ئەتە كۆرۈشەيلى، لېكىن قازىخانىغا ئەمەس، ئۆيۈمگە كېلىڭ! – دېدى.



ئەتىسى سودىگەر قازىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۆيدە ھېلىقى ئايال ۋە ئۈچ يېتىم بالىسى ئولتۇراتتى. سودىگەر ئاۋۋال 10 مىڭ جۈنەينى بەرگەندىن كېيىن قازىغا قاراپ:

ــ رەھمەتلىك بەلكىم يەنە 5000 جۇنەينى خاتىرىلەپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك، ــ دەپ يەنە 5000 جۇنەي قوشۇپ بەردى.

سالىھە كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى ۋە خۇشاللىقتىن سودىگەرگە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئاندىن بالىلىرى بىلەن ئۆيىگە خۇشال ـ خۇرام ھالدا قايتىپ كەلدى.



ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سالىھە ئۆيدىن يەنە بىر پارچە ھۆججەتنى تاپتى. ئۇنىڭدا سودىگەرنىڭ زىممىسىدىكى قەرزنى ئاللىقاچان تۆلەپ بولغانلىقى يېزىلغان ئىدى. سالىھە ھۆججەتنى كۆتۈرۈپ قازىنىڭ يېنىغا باردى. قازى سودىگەرنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. سودىگەر قازىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ھەممەيلەن ئۇنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق ئالامىتىنى كۆردى. قازى تەبەسسۇم قىلىپ:

ــ سىز قەرزنى قايتۇرۇپ بوپتىكەنسىز. شۇنداقتىمۇ يەنە تېخى ئارتۇق قايتۇرۇپسىز. نېمىشقا بۇنداق قىلغانلىقىڭىز ھەققىدە چۈشەنچە بېرەمسىز؟ ــ دەپ سورىدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان سودىگەر مۇنداق دېدى:

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇ كۈنى بەرگەن 15 مىڭ

جۈنەيىنى ئېغىر بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان قىزىمنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىغان ئىدىم. مەن سىزگە: «ماڭا بىر كۈن مۆھلەت بېرىڭ!» دېگەن كۈن بولسا دەل قىزىمنى ئوپېراتسىيە قىلىدىغان كۈن ئىدى. شۇ چاغدا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «پۇل - ماللىرىڭلارنى زاكات بىلەن پاكلاڭلار، كېسەللىرىڭلارنى سەدىقە بىلەن داۋالاڭلار، بالايى - ئاپەتلەرگە دۇئا بىلەن تاقابىل تۇرۇڭلار!»[15] دېگەن سۆزىنى ئېسىمگە ئېلىپ ئاللاھقا: «ئەي ئاللاھىم! سەن ئۆزۈڭ بىلىسەن. ئۇ تۇل ئايال يېتىم بالىلىرى بىلەن پۇل - مالغا ھەقىقەتەن ئېھتىياجلىق ئىكەن. قىزىمنىڭ كېسىلىگە ئۆزۈڭ شىپالىق ئاتا قىلغىن، سەن ھەممىگە قادىرسەن» دەپ دۇئا قىلدىم. ئەتىسى دوختۇرلار قىزىمنى قايتىدىن تەكشۈرۈش قىلغاندا، قىزىمنىڭ تامامەن ساقىيىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇق. ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغان ئىدى. بۇ ئەھۋالدىن دوختۇرلارمۇ ھەيران قېلىشتى. مەن ئاللاھقا ھەمدۇسانا





15) سەھىھۇل جامىئ، 3358.

ئېيتتىم، كېچىسى ناماز ئوقۇپ، شۇ كۈنى روزا تۇتتۇم، قىزىمنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىغان 15 مىڭ جۈنەي پۇلنىڭ ھەممىنى بۇ ئايالغا بەردىم. ناۋادا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ماڭا ھەرقانداق ئېھتىياجى بولسا، مەن تەييار.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل - مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر، ئاللاھ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر، پۇل - مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير - ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا قىيامەت كۈنى قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ بولمايدۇ﴾[16].

16) بەقەرە سۈرىسى، 261 - ئايەت.

# قۇرئاننى قانداق ئوقۇيمىز؟

بىر كۈنى ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھ ئادىتى بويىچە ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بېرىۋېتىپ ئەستە تۇتۇش تالانتى ئالاھىدە يۇقىرى، پائالىيەتچان ئوقۇغۇچىسى ئىسمائىلنىڭ دەرسكە كەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. دەرستىن چۈشكەندە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا مۇنداق دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى:



— ئىسمائىل بۈگۈن دەرسكە كەلمىدى. بىلەمسەن؟ ئۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر قىيامدا تۇرۇپ، قۇرئاننىڭ ھەممىنى تاماملاپتۇ ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇيقۇسىزلىقتىن چارچاپ كېتىپ، بامداتتىن كېيىن ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ...

شۇ ئەسنادا يەنە بىر ئوقۇغۇچى سۆھبەتكە قېتىلىپ گەپ باشلىدى:

— ئاڭلىسام، ئىسمائىل ھەر كېچىسى قۇرئاننى تولۇق تامام قىلىدىكەن، شۇنداقتىمۇ ھازىرغىچە دەرستىن قېلىپ باقمىغان... ئوقۇغۇچىلار بۇ ھەقتە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى.

ئىمام ئەھمەد ئىسمائىلنىڭ نېمىشقا دەرسكە كەلمىگەنلىكىگە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. بىراق، كۆڭلىدە ئىسمائىل ھەر كېچە

قۇرئان كەرىمنى بىر تامام قىلىدىغان ئىش بولسا، قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنى تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇمىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلايتتى.

ئەتىسى ئىسمائىل دەرسكە كەلدى. ئىمام ئەھمەد ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ:

ــ بالام! ئاڭلىسام، سەن قىيامدا تۇرۇپ بىر كېچىدە قۇرئاننى تولۇق ئوقۇپ بولالايدىكەنسەن، توغرىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى. ئىسمائىل پەخىرلىنىپ بېشىنى لىڭشىتتى.



ــ ئوغلۇم! مۇشۇ ئادىتىڭ بويىچە ھەر كېچە قىيامدا تۇرۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن، لېكىن قۇرئاننى مېنىڭ ئالدىمدا ئوقۇغىنىڭدەك، تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇغىن! ــ دېدى ئىمام ئەھمەد ئىسمائىلغا نەسىھەت قىلىپ. ئىسمائىل ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ قايتىپ كەتتى. ئەتىسى ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، خىجالەت ئىچىدە:

ــ ئۇستاز! قۇرئاننى سىز دېگەنىدەك ئوقۇغان ئىدىم، پەقەت ئون پارىلا ئوقۇيالىدىم، ــ دېدى. ئىمام ئىللىققىنە كۈلۈپ قويۇپ:

ــ كېرەك يوق، بالام! ئەمدى بۇگۈن كېچە قۇرئاننى خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇپ بېرىۋاتقانىدەك ئويدا ئوقۇغىن! ــ دېدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى

تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر﴾[17].

ئەتىسى ئىسمائىل يەنە خىجىللىقتىن يۈزى قىزارغان ھالدا كېلىپ، بۇ كېچە پەقەت بىر پارىلا ئوقۇيالىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىمام بېشىنى لىڭشىتىپ مۇنداق دېدى:



ـ ئوغلۇم! بۈگۈن كېچىمۇ ئادىتىڭ بويىچە قىيامدا تۇرۇپ قۇرئان ئوقۇغىن، لېكىن بۇ قېتىم قۇرئاننى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ ئوقۇۋاتقاندەك ئوقۇغىن.

ئەتىسى ئىسمائىل ئىمام ئەھمەدنىڭ ئالدىغا يىغلىغان پېتى كېلىپ، تولىمۇ خىجىل بولغان ھالدا:

ـ ئۇستاز! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن پۈتۈن بىر كېچىدە سۈرە فاتىھەدىن ئۆتەلمىدىم. چۈنكى، مەن بۇ قېتىم قۇرئاننى گويا ئاللاھ تىڭشاپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئوقۇغان ئىدىم،



17) ساد سۈرىسى، 29 ـ ئايەت.

ـ دېـدى. ئىمـام ئەھمـەد ئىسـمائىلغا قـاراپ تەبەسسـۇم بىلـەن مۇنـداق دېـدى:

ـ ئوغلـۇم! ئىنسـان قۇرئاننـى تىلـدا كـۆپ تـىلاۋەت قىلىـش ئارقىلىـق ئەمـەس، بەلكـى دىلـدا كـۆپ ئويـلاش ۋە تەپەككـۇر قىلىـش ئارقىلىـق يۇقـىرى پەزىلەتكـە ۋە كاتتـا ئەجـر ـ سـاۋابقا ئېرىشـىدۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغـان قۇرئاننـى نازىـل قىلـدى. (پاسـاھەتتە، بالاغەتتـە) ئۇنىـڭ بەزىسـى بەزىسـىگە ئوخشـاپ كېتىـدۇ، ئۇنىڭـدا ۋەز ـ نەسـىھەتلەر، ئەھكامـلار ۋە قىسسـىلەر تەكرارلىنىـدۇ، قۇرئانىدىكـى ئـازاب ئايەتلىـرى تـىلاۋەت قىلىنغـان چاغـدا پەرۋەردىگارىدىـن قورقىدىغـان كىشـىلەرنىڭ بەدەنلىـرى تىترەيـدۇ، ئانديـن ئاللاھنىـڭ زىكـرى ئۈچـۈن (يەنـى ئاللاھنىـڭ رەھمىتـى، مەغپىرىتىگـە دائىـر ئايەتلـەر تـىلاۋەت قىلىنغـان چاغـدا) ئۇلارنىـڭ بەدەنلـىرى ۋە دىللىـرى يۇمشـاپ ئـارام تاپىـدۇ. ئەنـە شـۇ (يەنـى قۇرئـان) ئاللاھنىـڭ ھىدايىتىدۇركـى، ئۇنىـڭ بىلـەن ئاللاھ خالىغـان ئادەمنـى ھىدايـەت قىلىـدۇ، ئاللاھ ئازدۇرغـان ئادەمگـە ھېـچ ھىدايـەت قىلغـۇچى بولمايـدۇ﴾[18].

18) زۇمەر سۈرىسى، 23 ـ ئايەت.

# ئادالەتسىزلىكنىڭ ئاقىۋىتى

مەھمۇد ئىسىملىك ناھايىتى باي بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ تۆت قىزى ۋە ئەدھەم ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ، ئوغلىنى قىزلىرىدىن بەكرەك ياخشى كۆرەتتى، قىزلىرىغا بەرمىگەن نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا بېرەتتى.



مەھمۇد ئوغلىنى يىگىرمە ياشقا كىرمەستىنلا ئۆيلەپ قويدى. ئۆزى بولسا ئەللىك ياشقا كىرگەندە ئايالى تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇد ئۆزىنىڭمۇ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ھايات چېغىدىلا مال - مۈلكى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك ئادالەتسىز بىر قارارنامىنى يازدى:

ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارارنامىسى

مەن ئەقىل - ھوشۇم جايىدا ھالىتىمدە بارلىق مال - مۈلۈك ۋە يەر - زېمىنىمنى يالغۇز ئوغلۇم ئەدھەمگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن. بۇ مېنىڭ قارارنامەم.

ئۆتكۈزۈپ بەرگۈچى: مەھمۇد ئابدۇغاپپار بۇرئى

تاپشۇرۇپ ئالغۇچى: ئوغلۇم ئەدھەم مەھمۇد ئابدۇغاپپار بۇرئى

چېسلا: 05.12.2002

مەھمۇد ئەدھەمگە قولىدا بار - يوقىنىڭ ھەممىنى بېرىۋېتىپ، ئۆزى قۇرۇق قول قالدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ مۇئامىلىسى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. مەھمۇد نېمە ئىش قىلسا ياكى قانداقلا بىر گەپ قىلسا ئۇلار بىئارام بولۇپ، قوپاللىق قىلاتتى، ھەر ئىشىدىن قۇسۇر چىقىراتتى ھەتتا بىر كۈنى ئەدھەم ئۇنىڭغا:

- ھوي قېرى! قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا! سېنىڭ قاملاشمىغان قىلىقلىرىڭغا مەن سەۋر قىلغان بىلەن، ماۋۇ مەرتىۋىلىك، ئېسىل نەسەبلىك ئايالىم سەۋر قىلالمايدۇ. ئەگەر مۇشۇنداقلا قىلىۋەرسەڭ، ئايالىم مېنى ئۈچ بالام بىلەن تاشلاپ كېتىدۇ. شۇڭا، گەپ - سۆزۈڭگە، ئىش - ھەرىكىتىڭگە ھېزى بول! تۇرمۇشىمىز سەن سەۋەبلىك بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن! - دېدى قاتتىق ۋارقىراپ.



دادىنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. ئۇ: مەن بۇ ئۆيدە

قانداق قىلسام ھۆرمەتكە ئېرىشەرمەن؟ دېگەنلەر ھەققىدە ئۇزۇن باش قاتۇردى.

دادا بىر كۈنى ئەدھەمنىڭ ئىجارىكەشلىرىدىن بىرىنىڭ دۇكىنىغا ئازراق پۇل سوراپ كەلدى. خىزمەتچى بىرقانچە مىنۇت ساقلاپ تۇرۇڭ دەپ قويۇپ، ئىچىگە كىرىپ كېتىپ ئەدھەمنى چاقىرىپ چىقتى. ئەدھەم دادىسىنىڭ بۇ يەرگە قايتا كەلمەسلىكىنى ئېيتىپ قورقۇتقاندا دادا ئەدھەمنى سىلكىشلىدى. ئەدھەم غەزەپلىنىپ باشقىلارنىڭ ئالدىدا دادىسىنىڭ يۈزىگە بىر كاچات سالدى. ئارقىدىنلا دادىسىغا:



— دەرھال شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كەت! بولمىسا سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دەپ تەھدىت سالدى ۋە يىراق بىر يېزىغا توي قىلىپ چىقىپ كەتكەن سىڭلىسىدىن دادىسىنى ئېلىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سىڭلىسى يولدىشى بىلەن كېلىپ، دادىسىنى ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپ ئېلىپ كەتتى.

ئارىدىن بىرقانچە ھەپتە ئۆتتى...

دادا قىزىنىڭ ئۆيىدە ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋېلىندى. شۇنچە يىللاردىن بېرى جاپا تارتىپ باققان ئۆز ئوغلى كۈيۈ ئوغلى

قىلغان گۈزەل مۇئامىلىنىڭ ئوندىن بىرىنى قىلغان بولسىچۇ، كاشكى!...

كۈنلەر... ئايلار... يىللار تېزلىكتە ئۆتمەكتە ئىدى...

ئەدھەممۇ بىر پەرزەنتلىك بولدى. ئىسمىنى ئەكرەم دەپ قويدى. ئۇ ئوغلىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. ئەكرەم ئون ياشقا كىرگەندە مەھەللىدىكىلەردىن دادىسىنىڭ بوۋىسىغا قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئاڭلاپ قالدى - دە، دادىسىنىڭ بۇ قىلىقىدىن قاتتىق ئازابلىنىپ، ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. ئەدھەم ئوغلىنى شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدى.



كۈنلەر ئۆتۈپ، ئەدھەمنىڭ تىجارىتى ۋەيران بولۇپ، قول ئىلكىدە ھېچنەرسە قالماي، كەمبەغەللىشىپ كەتتى. ئۇنىڭغا بىپايان دۇنيا تار كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، دادىسىنى قاقشاتقانلىق تۈپەيلى مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى تونۇپ يەتتى - دە، دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، يالۋۇرۇپ، يىغلاپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سورىدى. مېھرىبان دادا ئوغلىنى كەچۈردى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ يوقاپ كەتكەن ئوغلى ئەكرەم ئاسماندەك چۈشكەندەكلا پەيدا بولدى. ئۇ ئەسلىدە بوۋىسىنىڭ يېنىدا بەختلىك ياشاۋاتقان ئىكەن.

ئەدھەم دادىسىنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلدى. ئائىلىگە بەخت قۇشى قايتىدىن قوندى. مانا ئەمدى ھەممەيلەن خۇشال ئىدى. ئەدھەمنىڭ ئەھۋالى بارا - بارا ياخشىلىنىپ، ئىشلىرى روناق تېپىشقا باشلىدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن دادىسىغا كۆيۈنىدىغان ۋاپادار ئوغۇلغا ئايلاندى. قول - ئىلكىدىكى پۈتۈن مال - مۈلكىنى دادىسىغا قايتۇرۇپ بەردى. سىڭىللىرى بىلەنمۇ ناھايىتى ئىجىل - ئىناق ئۆتتى.



ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەر - ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە دۇنيادا (قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[19].

ئۇلۇغ ئاللاھ يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ بالىلىرىڭلارغا (تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ قىزى (ئىككى ياكى) ئىككىدىن كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى تېگىدۇ، ئەگەر ۋارىس بىر قىز بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدۇ﴾[20].

19) نىسا سۈرىسى، 124 - ئايەت.

20) نىسا سۈرىسى، 11 - ئايەت.

# گۇناھتىن كەلگەن مۇسىبەت

جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم باللارغا ئوخشاش فېيسبوك، تىۋىتتېر، ۋاتساپ قاتارلىق ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرىگە مەپتۇن بولغان دولقۇن ئىسىملىك بىر بالا بار ئىدى. ئۇ ئىنتېرنېتتا قىزلار بىلەن تونۇشۇپ، كۈلكە - چاقچاق قىلىشىپ، كۆڭۈل خۇشى قىلىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. قىزلارنى ئالدايدىغان



شېرىن - شېكەر گەپلەرنى قىلىپ، توي قىلىشقا ۋەدە بېرەتتى - يۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا تاشلاپ قاچاتتى، توردا تونۇشقان قىزلارنى ئەنە شۇنداق ئەخمەق قىلىپ ئوينايتتى. بىراق، بەزى قىزلار يۈزتۇرانە كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ساختىپەز ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن ئىدى.



دولقۇننىڭ بىرقانچە ھەمشىرىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ساختىپەزلەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلاتتى. ئۆيگە تېلېفون كەلسە، ئۇلارنىڭ تېلېفوننى ئېلىشىغىمۇ يول قويمايتتى،

دېرىزىدىن سىرتلارغا قاراشلىرىنىمۇ چەكلەيتتى، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋېدىغان سىڭلىسىنى ئۆزى ئاپىرىپ، ئۆزى قايتۇرۇپ كېلەتتى، ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا كىرىشىۋېلىپ، بەكمۇ بىئارام قىلاتتى.



بىر كۈنى دولقۇن سىڭلىسىنى ئۇنىۋېرسىتېتقا ئاپىرىپ قويۇپ، ئىچىگە كىرىپ بولغانلىقىغا جەزم قىلغاندىن كېيىن ماشىنىسىغا مىنگىنىچە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى - دە، ئادىتى بويىچە كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ توردىكى قىزلار بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا ئېچىنىشلىق بىر ۋەقە يۈز بەردى... تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتقان بىر ماشىنا ھادىسىگە ئۇچرىدى.




ماشىنا ئىچىدە كىم بارلىقىنى بىلەمسىز؟

كۆلرەڭ بىر ماشىنىنىڭ يېنىدا بىر يىگىت بىلەن بىر قىز قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇلار ناھايىتى ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلگەن بولۇپ، يەردە چېچىلىپ ياتقان ۋاراقچىلاردىكى مەلۇماتلاردىن

HAKSEVER

قىزنىڭ كىملىكىنى بىلگەن ساقچىلار ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلاشتى. قىز دەل دولقۇننىڭ سىڭلىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ھادىسىدە ئۆلگەن تور ئالدامچىسى يىگىتنىڭ شېرىن - شېكەر گەپلىرىگە ئالدىنىپ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ۋە ماشىنىسىغا چىقىپ سەيلىگە ماڭغان ئىدى.



بۇ پاجىئەلىك مەنزىرىنى كۆرگەن دولقۇن ئۆزىنىڭمۇ نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل قىزلارنى ئالداپ، ئەخمەق قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى - دە، ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى...



ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ گۇناھىغا تەۋبە قىلدى، ئاللاھنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ئالەمنىڭ ئۆتنە ئالەم ئىكەنلىكىنى ھەقىقەتەن تونۇپ يەتتى. شۇ تاپتا ئۇ قىلغان گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنىڭ ئۆزىگە يانغانلىقىغا ئىشەنمەكتە ئىدى...

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن

ئاللاھنى بىخەۋەر دەپ ئويلاپ قالمىغىن، ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشنى (دەھشەتتىن) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) كېچىكتۈرىدۇ، (بۇ كۈندە) ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئالغا قاراپ چاپىدۇ، كۆزلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ (تېڭىرقىغانلىقتىن) دىللىرى (ئەقىل - ئىدراكتىن) قۇپقۇرۇق بولۇپ قالىدۇ﴾[21].

دولقۇن ھەر قېتىم سىڭلىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئەسلىگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى تەكرارلايدىغان بولۇپ قالدى: «ياخشىلىق زايە بولمايدۇ، گۇناھ ئۇنتۇلمايدۇ، ئاللاھ مەڭگۈ ھاياتتۇر، نېمە قىلساڭ، شۇنىڭ (نەتىجىسىنى) كۆرىسەن».

21) ئىبراھىم سۈرىسى، 42_43 - ئايەت.

# ئانىنىڭ بەرىكىتى

ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيدىغان ياش بىر دوختۇر قىز بار ئىدى. بىر كۈنى قۇچىقىدا يېڭى تۇغۇلغان بوۋىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بىر چوكان ياشانغان بىر مومايىنى ئېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كىردى - دە، قاتتىق زەردە بىلەن:



- بۇ قېرىنىڭ قېنىنى تەكشۈرۈپ باققان بولسىڭىز، شېكەر كېسىلى چىققاي، ئىلاھىم! ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتسە، قۇتۇلۇپ ئارام تاپقان بولاتتۇق، - دېگىنىچە، مومايىنىڭ قولىنى تۇتۇپ قاتتىق تارتتى. موماي يىقىلىپ چۈشكىلى تاس - تاماس قالدى. بۇنى كۆرگەن دوختۇر قىز:

- سېنىمۇ ئىنسان دېگىلى بولامدۇ؟ بۇ بەلكىم سەن ياخشى كۆرگەن يولدىشىڭنىڭ ئانىسى، سېنىڭ قېيىنئاناڭ بولۇشى مۇمكىن. ئاللاھتىن قورقساڭ بولمامدۇ؟ نىمانداق باغرىڭ قاتتىق سېنىڭ؟ - دېدى.

ھېلىقى چوكان ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغان بولۇپ، مۇنداق دەپ قايناپلا كەتتى:

- بۇ قېرى مېنىڭ قېيىنئانام ئەمەس، ئۆز ئانام. سىز بۇ

قېرىنىڭ قىلغانلىرىنى بىلمەيسىز. ئۇنىڭدا ئەقىل دەيدىغان نەرسە يوق. دادام بىلەن قېرىنداشلىرىم بۇ قېرىنىڭ دەردىنى مېنىلا تارتسۇن دېگەندەك بۇ دۇنيادىن بۇرۇنلا كېتىپتىكەن. مەن بۇ قېرىنى يولدىشىم بىلەن بەش يىلدىن بېرى بېقىپ كېلىۋاتىمەن. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يولدىشىم كۆڭلۈك ئىشلەيدىغان جاپاكەش ئىشلەمچى ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئۆي - مۈلۈك سودىگىرىگە



ئايلىنىپ، تۇرمۇشىمىز ياخشىلىنىپ، دۇنيانىڭ راھىتىنى كۆرەي دېگەندە، بۇ قېرىنىڭ بەزى سەت قىلىقلىرى تۈپەيلى يولدىشىم مەندىن ئاجراشماقچى بولۇۋاتىدۇ. بىلەمسىز؟ بۇ قېرىنىڭ يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە سۇ چاچىدىغان ھەتتا بەزىدە قىزىق شورپىنى باشلىرىغا تۆكۈۋېتىدىغان سەت قىلىقلىرى بار.

قارىغاندا بۇ چوكاننىڭ خېلىلا دەردى باردەك قىلاتتى. دوختۇر قىز ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويايلا دەپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن ئانىسىغا ياخشى قاراشنى تەۋسىيە قىلدى.

- ئەگەر ماڭا ۋە بۇ قېرىغا ياخشىلىق قىلغۇڭىز كەلگەن بولسا، ئۇنى ئۇدۇللا ياشانغانلار ساناتورىيەسىگە توغرىلاپ بەرمەمسىز؟ - دېدى چوكان تەپتارتماستىن، باتىنغان قىياپەتتە.

دوختۇر قىز ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىرھازا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

ــ بولىدۇ، مەن سىلەرنى بۇ مومايدىن قۇتۇلدۇرۇپ قوياي. مەن ئۇنى ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتىمەن. ئۆيۈمدە ئانام ۋە بىر ئىنىم بار. ناۋادا ئانىڭىزنى كۆرگۈڭىز كەلسە، بۇ نومۇرغا تېلېفون قىلسىڭىز بولىدۇ. ئۇ شۇنداق دېگىنىچە چوكانغا ئىسىم كارتوچكىسىنى بەردى.

چوكان ئانىسىدىن قۇتۇلغىنىغا خۇشال بولۇپ، دوختۇرخانىدىن ئالدىراپلا چىقىپ كەتتى. قىزىدىن ئايرىلغان موماي دوختۇر قىزغا:

ــ كىشىلەرگە سۇ چاچسام، سىز خۇشال بولامسىز؟ ــ دېدى گۆدەكلەرچە تەلەپپۇزدا. دوختۇر قىز:

ــ ياق، ھامما! بۇ ئىشلار مېنى خۇشال قىلمايدۇ. بىر سائەتتىن كېيىن مەن سىزنى ئۆيۈمگە ئېلىپ بارىمەن. سىز بىلەن ناھايىتى خۇشال ياشايسىز، ــ دېدى.



دوختۇر قىز ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن مومايىنى ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئانىسى ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەمدە مومايىنى ئۆز ھەمشىرىسىدەك كۆرۈپ، ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، تۇيۇقسىز دوختۇر قىزغا ئانىسى تېلېفون قىلىپ:

- قىزىم! بۈگۈن ئۆيىمىزگە سىز ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن ئەلچىلەر يېغىپ كەتتى. بىرى تاغىڭىزنىڭ ئوغلى، يەنە بىرى چەتئەلدىن يېڭى قايتىپ كەلگەن قوشنىمىز ئىكەن. ئۇلار سىز بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ۋاقىت بېكىتىپ بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، - دېدى خۇشاللىق بىلەن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان دوختۇر قىزمۇ كۈلۈپ كېتىپ:



- ئانا! نېمىدېگەن ھەيران قالارلىق ھە! بىلەمسىز؟ ئۆيىمىزگە ئۇ ھاممىمىزنى ئەكېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇزۇندىن بېرى ئايىغى چىقمىغان زېمىن دەۋايىمىز ھەققىدىكى سوت مەھكىمىسىنىڭ قارارىمۇ چىقىپ، زېمىننى بىزگە بۇيرۇپ بېرىپتۇ. مېنىڭ خىزمىتىمۇ ئۆستۈرۈلدى. مانا ئەمدى مەندەك 30 ياشقا كىرىپ قالغان قېرى قىزغىمۇ ئىككى لايىق چىقىپتۇ. بۇ ھاممام نېمىدېگەن بەرىكەتلىك ھە! - دېدى خۇشاللىقنى باسالمىغان ھالدا.

ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى چوكان دوختۇر قىزغا تېلېفون قىلدى. ئۇلار كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشتى. ئۇ دوختۇر قىز بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدى:

- دوختۇر! مېنىڭ ئانام قېنى؟ ئۇنىڭ پۇتىغا سۆيسەم

دەيمەن، مەن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايمەن. ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىن بىرى بىزگە كەلمىگەن خاپىلىق قالمىدى، يولدىشىم مەسئۇل بولۇپ قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان بىنا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ئۇ ھازىر مەھكىمىدە سوراق قىلىنىۋاتىدۇ؛ ئوغلۇم ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، دوختۇرخانىدا ئايرىم داۋالىنىۋاتىدۇ؛ مەن دائىم قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپ ئۇخلىيالمايۋاتىمەن. ئانام يېنىمىزدىكى



چاغدا ئاللاھ بىزگە نۇرغۇن بالا - چاقا ۋە مال - دۇنيا بەرگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە بىزنىڭ ئانامغا قىلغان زۇلۇم ۋە زومبۇرلۇقلىرىمىز تۈپەيلى ھېچ ئىشىمىزدا بەرىكەت يوق، ئائىلىمىزدىن شۇملۇقلار كەتمەيۋاتىدۇ. جېنىم دوختۇر! ئانامنى قايتۇرۇپ بەرگەن بولسىڭىز، ئۆتۈنۈپ قالاي...

قىز شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا ئانا ئۆزىگە مەخسۇس تەييارلاپ بېرىلگەن ھۇجرىسىدىن چىقتى. قىز ئۇنىڭ رەتلىك، پاكىز، نۇر يېغىپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. موماي قىزنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ:

- جېنىم قىزىم! مەن سىزنى بەكمۇ سېغىندىم. بولدۇ، بىز ئۆيىمىزگە كېتەيلى. مەن دوختۇر قىزىمدىن ۋە ئۇنىڭ مېھرىبان ئانىسىدىن رۇخسەت سوراپ، سىز بىلەن قايتاي، - دېدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا «ئوھوي» (دېگەنگە ئوخشاش مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان سۆزنىمۇ) دېمىگىن، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن، كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيەلىگىنىدەك، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن، دېگىن﴾[22].

22) ئىسرا سۈرىسى، 24 ـ ئايەت.

# ئەجابەت بولغان دۇئا

شادىيە ئىسىملىك، فرانسىيەلىك بىر ئايال ئالجىرىيەدە ياشاش جەريانىدا مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر فرانسىيەدە ياشايدىغان بولۇپ، خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى.

بىر كۈنى شادىيە پۈتۈن ۋۇجۇدىدا قاتتىق ئاغرىق ھېس قىلىپ تەكشۈرتۈپ بېقىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا بېرىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ راك كېسىلىگە گېرىپتار بولغان بولۇپ، كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان ئىكەن. دوختۇر ئۇنىڭغا كېسەلنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تارقاپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭا داۋالاشقا ئامالسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئارخىپ تۇرغۇزۇپ، كېسەللىك تارىخى بىلەن لازىر نۇرلۇق تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئارخىپىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قولىغا بېرىپتۇ.

شادىيەنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تاپا - تەنە قىلىپ:



- بۇ تەڭرىنىڭ ساڭا بولغان غەزىپى، چۈنكى سەن مۇسۇلمان بولدۇڭ. ئىسلام دىنىدىن قايتساڭ، تەڭرى سېنى كەچۈرۈۋېتىشى مۇمكىن، - دەپتۇ. لېكىن، شادىيە

ئۇلارنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماي، ئىسلامدا مۇستەھكەم تۇرۇپتۇ. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا فرانسىيەگە كېلىپ، تېخىمۇ ئىلغار، چوڭراق دوختۇرخانىلاردا تەكشۈرتۈپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ.



شۇنىڭ بىلەن شادىيە فرانسىيەگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ساقىيىشىدىن ئەسلا ئۈمىد يوق دەپ قارايدىكەن. ئۇنى فرانسىيەگە چاقىرىشتىكى مەقسىتى پەقەت قىزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى تۈپەيلى تەڭرىنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق، ئىسلام دىنىغا كىرمەكچى بولغان خىرىستىيانلارغا ئىبرەت قىلىش ئىكەن.

شادىيە ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلار ئۇنى چىركاۋغا ئاپىرىپ، كىشىلەرگە ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن راك كېسىلى بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ:



- «مانا بۇ ئىسلامغا كىرگەنلەرنىڭ جازاسى!» - دەپ توۋلاپتۇ.

شادىيە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بۇ يامان غەرىزىنى ئۇقۇپ يىغلاپ

HAKSEVER

كېتىپتۇ ۋە مۇسۇلمانلار دىياردا ياشاش ئۈچۈن ئالجىرىيەگە قايتىپ كېتىپتۇ.

بىر كېچىسى ئۇ چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ، مۇنۇلارنى ئويلاپتۇ: ناۋادا مەن مۇشۇ پېتى ئۆلۈپ كەتسەم، ئائىلەمدىكىلەر ۋە فىرانسىيەدىكى باشقا مۇسۇلمان بولماقچى بولغانلار مېنىڭ ئۆلۈمىمدىن ئىبرەت ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇنى تەڭرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمغا بەرگەن جازاسى دەپ چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىسلامدىن تېخىمۇ قېچىشقا باشلايدۇ...



ئۇ شۇنداق خىياللار بىلەن تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇپ، ئاللاھقا مۇنداق دۇئا قىپتۇ:

ئى پەرۋەردىگارىم! مەن نە ئۆلۈمدىن، نە سەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن قورقمايمەن، لېكىن خىرىستىيانلارنىڭ مېنى مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولدى دەپ تەنتەنە قىلىشىنى خالىمايمەن. بۇنداق بولسا، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن تېخىمۇ قاچىدۇ. ئى رەببىم! ماڭا شىپالىق بەرگىن! كىشىلەر چەكسىز قۇدرىتىڭنى ۋە رەھمىتىڭنى بىلىپ، ئىسلامغا كىرسۇن! مەن ئۇلارنىڭ ئىسلامدىن نەپرەتلىنىشىگە سەۋەب بولۇپ قالماي...

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئۇزۇن يىغلاپ بىھوش بولۇپ، ئەتىسى ئەسىر نامىزى ۋاقتىدا ھوشىغا كەپتۇ.

ئاجايىپ ئىش! ئۇ ئويغانغاندا بەدىنىدە ھېچقانداق ئاغرىق ئازابى سەزمەپتۇ. بۇنىڭغا ئىشەنگۈسى كەلمەي، بۇنى ئۆلۈم ئالدىدىكى بىر خىل تۇيغۇ بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئەمدى ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن دەپ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بوپتۇ.

كەچ كىرىپتۇ...

يەنە ئۆلۈپ قالماپتۇ...

كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇپتۇ، قارىسا يەنە ساق تۇرغۇدەك...

ئۇ ھەيرانلىقتىن دوختۇرنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. دوختۇر بارلىق تەكشۈرۈشلەرنى قىلىپ ھەيران قاپتۇ:

– سىز ھېلىقى راك كېسىلى بولۇپ قالغان ئايالغۇ! ياق... سىز... سىز زادى كىم؟ – دەپتۇ.



شادىيە ئىسىم – فامىلىسىنى دەپ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ دوختۇرخانىدا كېسەللىك ئارخىپىمۇ بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. دوختۇر كېسەللىك ئارخىپىغا قاراپ:

– سىز باشقا بىرى ئىكەنسىز. ئارخىپتىكى ئايال ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان ئېغىر راك كېسىلى دەپ يېزىلىپتۇ. ئەمما، سىزدە راك كېسىلى يوقكەن ھەم ئەزەلدىن بۇنداق كېسەل

بولۇپ باقماپسىز. بۇ كېسەلنىڭ ھېچقانداق داۋاسى يوق ئىدى، ـ دەپتۇ.

شادىيە شۇ ھامان ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىپ سەجدىگە باش قويۇپتۇ.



شۇنداق قىلىپ شادىيە بىرقانچە كۈندىن كېيىن فىرانسىيىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ بىرىپلا ئۆزىنى مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن تەگرىنىڭ غەزىپىگە يولۇققان دەپ قارىغان ئائىلىسىدىكىلەر ۋە چېركاۋدىكى خىرىستىيانلارنىڭ يېنىغا بىرىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ ئاللاھقا دۇئا قىلغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيادىكى ئەڭ ئۇستا دوختۇرلارمۇ داۋالىيالمىغان راك كېسىلىدىن ساقايغانلىقىنى ئېيتىپ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى كۆرسىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر مۇسۇلمان بوپتۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن. (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن ياشىسۇن!)﴾[23].

23) بەقەرە سۈرىسى، 186 ـ ئايەت.

# ئىسلام دۈشمىنىنىڭ ھالاكىتى

ئابدۇلمۇتتەللىب ئىبنى ئابدۇلئۇززا «ئەبۇ لەھەب» تەخەللۇسى بىلەن تونۇلغان بولۇپ، ئۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى، بارلىق زالىم - زوراۋانلارنىڭ ۋە ئەشەددىي كاپىرلارنىڭ سىمۋولى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام دەۋىتىنى باشلىغاندا، ئۇ تۇنجى بولۇپ ئىسلامغا دۈشمەنلىكىنى ئاشكارىلىغان ئىدى. تىلى ئارقىلىق قارشى تۇرۇپلا قالماي، پۈتۈن ئىش - ھەرىكىتىدە ئىسلامغا قارشىلىق قىلاتتى.



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئازار بولىدىغان، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن نەپرەتلەندۈرىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى» دەپ ئېلان قىلىپ، ئىسلامي دەۋەتنى ئاشكارىلىغاندىن تارتىپ ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ئوچۇق - ئاشكارا دۈشمەنلىكىنى باشلىۋەتتى. ئۇ بۇ جەھەتتە شەيتاننىڭ رولىنى ئالاتتى، بەلكى شەيتاندىنمۇ ئاشۇرۇۋېتەتتى. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە قارشى تۇرۇپ: «ساڭا ھالاكەت بولسۇن!» دېگەن ئىدى.

ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھەققىدە: ﴿ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن!﴾ دەپ باشلانغان، ئەمەلىيەتتە مۆجىزە ھېسابلىنىدىغان «مەسەد سۈرىسى»نى نازىل قىلغان. چۈنكى بۇ سۈرە ئەبۇ لەھەب ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ دوزاخ ئازابىدا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى ئالدىن خەۋەر بەرگەن. ناۋادا ئەبۇ لەھەب مۇسۇلمان بولۇپ قالسا ياكى يالغاندىن مۇسۇلمانلىقىنى دەۋا قىلىۋالغان بولسا، قۇرئاننىڭ ھەقلىقىگە داغ پەيدا بولاتتى. لېكىن، ئاللاھنىڭ سۆزى راست بولغاچقا، ئەبۇ لەھەب ۋە خوتۇنى مۇسۇلمان بولمىدى، يالغاندىن بولسىمۇ مۇسۇلمانلىقنى دەۋا قىلىپمۇ باقمىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ سۈرە ئەبۇ لەھەبنىڭ ئۆلۈمىدىن ئون يىل ئىلگىرى نازىل بولغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپىغا يىغىلغان كىشىلەرگە: «ئەي ئىنسانلار! ئاللاھتىن باشقا ھەققىي ئىلاھ يوق» دەڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىسىلەر! ــ دەيتتى.



ئەبۇ لەھەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەگىلا بارسا، كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرۈپ، ئۇچرىغانلا كىشىگە: «مۇھەممەد

ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ دىنىدىن چىققان كاززاپتۇر» دەيتتى. ئەبۇ



لەھەب ئىسلامىي دەۋەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ۋە ساھابىلەرگە ئەڭ كۆپ ئازار بەرگەن مۇشتۇمزور ئىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇممۇ جەمىلمۇ رەزىللىكتە ئېرىدىن قېلىشمايتتى. تىكەنلىك شاخ ـ شۇمبىلارنى يۈدۈپ كېلىپ، كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ



ماڭار يولىغا چېچىپ قوياتتى. ئەبۇ لەھەب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن بەدر غازىتىغا قۇرەيشلەر بىلەن بىرگە چىقالمىغان بولسىمۇ، ئۆزىگە ۋاكالىتەن ئاسىم ئىبنى ھىشامنى 4000 دىرھەم پۇل بېرىپ يولغا سالغان ئىدى. بەدر غازىتى بولۇپ يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئەبۇ لەھەب «ئەدەس» دېيىلىدىغان يۇقۇملۇق



كېسەل بىلەن ئۆلدى، ئۈچ كۈنگىچە ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولماي پۇراپ كەتتى. جەمەتى ئار ـ نومۇستىن قورقۇپ، بىر ئورا كولاپلا ئۇزۇن ياغاچ

بىلەن ئۇنى ئورىغا ئىتتىرىپ، ئۈستىگە تاش - كېسەك تاشلاپ ئورنىنى تىندۇرۇۋەتتى... كېسەل يۇقۇپ قىلىشتىن قورقۇپ، ئۇنى ھېچكىم كۆتۈرمىدى.



مانا بۇ ئۇنىڭ دۇنيادىكى جازاسى ئىدى. ئاخىرەتتە بولسا يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتقا تاشلىنىدۇ، توپلىغان مال - دۇنياسى ۋە كەسىپ - ئوقەتلىرى ئۇنى ئازابتىن قۇتقۇزالمايدۇ.

بۈيۈك ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلىيەتتە قۇرۇپ كەتتى). ئۇنىڭغا مال - مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ، ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى (يەنى سۇخەنچى) خوتۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ، ئۇنىڭ بوينىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ﴾[24].

24) مەسەد سۈرىسى، 1ـ5 - ئايەتلەر.

# بالا دەۋەتچى زىيا

زىيا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدىغان تىرىشچان ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇ ناھايىتى تەقۋادار بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان بولغاچقا، نامازغا ناھايىتى ئامراق چوڭ بولدى. ئۇ بامدات نامىزىدىن باشقا ھەممە نامازغا مەسچىتكە چىقاتتى. دادىسى بىلەن بىرگە قول تۇتۇشۇپ بامدات نامىزىغىمۇ مەسچىتكە چىقىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى - يۇ، دادىسى ناماز ئوقۇمايدىغان بولغاچقا، قاراڭغۇدا يول يۈرۈشتىن قورقۇپ بامدات نامىزىغا مەسچىتكە چىقالمايتتى. بۇ ئىش ئۇنى بەكمۇ ئازابلايتتى.

ئۇنى ئازابلايدىغان يەنە بىر ئىش ئانىسى ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ داۋاملىق مەسچىتكە چىقىشىنى خالىمايتتى. بالام تېخى كىچىك، جاپا تارتىپ قالسا بولمايدۇ، ئۆگىنىشىگە تەسىر يېتىدۇ، چوڭ بولغاندا ئوقۇۋالسا بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ دەپ قارايتتى.

زىيا ناھايىتى تىرىشچان بولۇپ، دەرسلەردە ئەلا ئىدى. باشقا بالىلاردەك ئويۇن - تاماشىغا بېرىلمەيتتى. ناماز ئوقۇشتىن ھۇزۇر ھېس قىلاتتى. ئۇ بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي، ناماز ئوقۇمايدىغان دادىسىنى قانداق قىلسام ناماز ئوقۇيدىغان بولار دەپ باش قاتۇراتتى.

ئۇ دادىسىنى ئەتراپلىق كۆزەتتى. دادىسى دائىم غەمكىن كۆرۈنەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ سالامەتلىكى دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى، تۇرمۇش ۋە خىزمەتتە بېشىنى ئاغرىتىدىغان نۇرغۇن قىيىنچىلىقلىرى بار ئىدى. زىيا دادىسىنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن

شۈنچە ئۈرۈنۈپ باققان بولسىمۇ، ئۈنى قايىل قىلالمىدى. بارا - بارا زىيانىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالدى. دادىسى ئۈنى شۈنچە زورلىسىمۇ، ھېچ نەرسە يېگىلى ئۈنىمايتتى. ئۈنىڭ مەقسىتى دادىسىنى ناماز ئوقۇيدىغان قىلىش ئىدى. چۈنكى، ناماز دادىسىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك قىلاتتى.

زىيا دادىسىنىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى، ئۇ مۇئەللىمىدىن سەجدە ھالىتىدىكى دۇئانىڭ ئەڭ تېز ئىجابەت بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. زىيانىڭ تىرىشچانلىقى ۋە دۇئاسى سەۋەبلىك دادىسى ئاخىر ناماز ئوقۇيدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن زىيانىڭمۇ كۆڭلى ئېچىلىپ، تاماق يېيىشكە باشلىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادىسى يەنە نامازنى تاشلىدى، زىيامۇ تاماق يېمەيدىغان بولۇۋالدى. دادىسى يېنىغا مەززىلىك تاماقلارنى ئېلىپ كەلگەندە، ئۇ دادىسىنىڭ نامازنى تاشلىماي ئوقۇيدىغان بولمىغۇچە، تاماق يېمەيدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلىۋەتتى. دادىسى تاماقنى يېنىدا قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئوغلىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرگەندە شۇ پېتى تۇرغان تاماقنى كۆرۈپ، ئۈنىڭ قەتئىيلىكىدىن تەسىرلەندى ۋە كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى.

زىيا ئويغانغاندا دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ زىياغا ۋەدە بېرىپ، بۈنىڭدىن كېيىن نامازنى تاشلىماي ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېيتتى. زىيا ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۈنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى ئوقۇپ بەردى: «مۇسۇلمان كىشى مۇكەممەل تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇسا، ئاللاھ

ئۇنىڭ ئوقۇغان شۇ نامىزى بىلەن كېيىنكى ناماز ئارىلىقىدىكى (كىچىك) گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ»[25].

زىيانىڭ دادىسى شۇ كۈندىن ئېتىبارەن نامازنى تاشلىمىدى. ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، غەملىرى بارا - بارا تۈگىدى، ساغلاملىقىمۇ ياخشىلىنىپ قالدى، تۇرمۇش ئىشلىرىمۇ تەرتىپكە چۈشتى، ھەر كۈنى زىيا بىلەن بىرگە بامدات نامىزىنى مەسچىتكە چىقىپ ئوقۇيدىغان بولدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار شەھەر ئايلىنىۋېتىپ، زىيانىڭ دادىسى ماشىنىنى يول بويىدا توختىتىپ، ئازراق ئىشىم بار دەپ قويۇپلا ماشىنىدىن چۈشۈپ كەتتى. شۇ ئەسنادا قاتناش ساقچىسى كېلىپ ئۇ يەردە ماشىنا توختىتىشقا بولمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. زىيا ساقچىدىن:

- سىز بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇدىڭىزمۇ؟ - دەپ سورىدى. قاتناش ساقچىسى كىچىككىنە بالىنىڭ بۇ سوئالىدىن خىجىل بولۇپ:

- ياق، مەن جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇمىدىم، - دېدى.

- ئۇنداقتا، ھەقىقىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلغىنى دادام ئەمەس، سىز ئىكەنسىز. چۈنكى، سىز ئاللاھنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىپسىز، - دېدى كىچىك زىيا.

قاتناش ساقچىسى ناھايىتى خىجىل بولدى ۋە تەۋبە قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ لام - جىم دېمەيلا كېتىپ قالدى.

25) سەھىھ مۇسلىم، 245.

زىيا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قوشنىلىرىنى ۋە دوست ـ يارەنلىرىنى نامازغا ئوقۇشقا دەۋەت قىلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي نۇرغۇن كىشىلەرگە تەسىر قىلغان «بالا دەۋەتچى»گە ئايلىنىپ قالدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار (يەنى تەزەررۇ بىلەن ناماز ئوقۇڭلار)، (يالغۇز) پەرۋەردىگارىڭلارغىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى (يەنى خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش، كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئۆتەش دېگەندەك ئىشلارنى) قىلىڭلار، تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار، ئاللاھ (دىنغا پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى). سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۈشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى). (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر (بۇ توغرا دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مەھكەم تۇتۇڭلار)، ئاللاھ سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى. قۇرئاندىمۇ شۇنداق ئاتىدى. (ئاللاھ) پەيغەمبەرنى سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا ۋە سىلەرنى كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا (تاللىدى)، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا يېپىشىڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ئىگە. نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار!﴾[26].

---

26) ھەج سۈرىسى، 77ـ78 ـ ئايەت.

# تەبەسسۇمنىڭ كۈچى



گۈزەل ئەخلاقلىق، ئاق كۆڭۈل، خۇش چىراي، چىقىشقاق بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ ئاجىز - بىچارىلەرنى ۋە كېسەللەرنى يوقلايتتى، ئۇلارنىڭ ياردىمىدە بولۇپ خىزمەتلىرىنى قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى كىشىلەرگە ئەڭ كۆپ پايدىسى تېگىدىغان كىشىدۇر»[27] دېگەن ھەدىسى ئۇنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئىدى.



ئۇ ياخشىراق بىر ئىش تېپىش ئۈچۈن ئاللاھقا كۆپ دۇئا قىلاتتى. بىر كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، مەلۇم بىر بېلىق ئىسكىلاتىغا خىزمەتكە قوبۇل قىلىندى. ئۇ ناھايىتى چوڭ بىر بېلىق ئىسكىلاتى ئىدى.

يىگىت ئىشقا چۈشۈپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئىسكىلاتنىڭ ئامانلىق مەسئۇلى يىگىتكە تۆھمەت قىلىپ، خىيانەت

27) سەھىھ ئىبنى ھىببان، 354.

بىلەن ئەيىبلەندى. ئەتراپلىق سۈرۈشتۈرۈش نەتىجىسىدە



مۇدىر يىگىتنىڭ بىگۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئامانلىق خادىمىنى ئىشتىن قوغلىۋەتمەكچى بولدى. بىراق، يىگىت ئۇنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ مۇدىردىن ئۇنى تىلىۋالدى. ئامانلىق خادىمى بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال بولدى.



كۈنلەرنىڭ بىرىدە يىگىت توڭلىتىش ئىسكىلاتىغا بېلىق ئەكىرىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئىشىك تاقىلىپ قالدى. ئىسكىلاتنىڭ ئىچى بەكمۇ سوغۇق بولۇپ، يىگىت بىردەمدىلا دىر - دىر تىترەشكە باشلىدى، بار كۈچى بىلەن ۋارقىرىدى، ئىشىكنى كۈچەپ مۇشتلاپ باقتى. لېكىن، ئەتراپتا ھېچكىم يوق ئىدى. يىگىت سوغۇقتا توڭۇپ، بىھوش بولۇپ يىقىلدى. شۇ ئارىدا ئامانلىق خادىمى ئىسكىلاتقا كىرىپ قېلىپ، ئۇنى دەرھال قۇتقۇزۇۋالدى.



مۇدىر ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئامانلىق خادىمىدىن ھەممە ئادەم ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەن تۇرسا، ئۇنىڭ ئىسكىلاتنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلگەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى:



- مەن ئۈچ يىلدىن بېرى بۇ يەردە ئامانلىق ۋەزىپىسى ئۆتەۋاتىمەن. باشقا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشقا كىرىپ - چىققاندا مەن بىلەن كارى بولمايدۇ. پەقەت مۇشۇ يىگىتلا ھەر كۈنى ئىشقا كەلگەندە ۋە ئىشتىن چۈشكەندە ماڭا سالام قىلىپ، ئەھۋالىمنى سوراپ تۇراتتى. بولۇپمۇ مەن ئۇنى خاتا ئەيىبلەپ، تۆھمەت قىلغان ۋە ئۇ مېنى كەچۈرۈۋەتكەندىن باشلاپ ماڭا تېخىمۇ ئىللىق تەبەسسۇم قىلىپ، مېنى خۇش قىلىپ ماڭاتتى.



تەن سالامەتلىكىم ۋە ئائىلە ئەھۋالىمنى سوراپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھەر كۈنى ئۆزۈمنى خۇشال - خۇرام، بەختلىك ھېس قىلاتتىم.

بۈگۈنمۇ ھەر كۈندىكىگە ئوخشاش ئىشچىلار ئىشتىن

چۈشكەندە، ئۇنىڭ يەنە ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن سالام بېرىشىنى، ھال - ئەھۋالىمنى سورىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. لېكىن، پۈتۈن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. بىرەر ئىش بولغانمىدۇ




دەپ ئەنسىرەپ، ھەممە يەرنى ئىزدەپ باقتىم - يۇ، ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالمىدىم. ئەقلىمگە توڭلىتىش ئىسكىلاتى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ قارىسام، ئۇ سوغۇقتىن توڭلاپ بىھوش بولۇپ ياتقان ئىكەن. تىڭشاپ باقسام، تىنىقى بار. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى جىددىي قۇتقۇزۇشقا كىرىشتىم. ئاللاھقا شۈكرىكى، يىگىت ئەسلىگە كەلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنىڭ ماڭا قىلغان سالام - سائەتلىرى ۋە ئىللىق تەبەسسۇملىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائەتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە: «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟ ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ. ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان ئىللەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىسلەتكە

پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىلىرىلا ئېرىشەلەيدۇ﴾[28].

28) فۇسسىلەت سۈرىسى، 33ــ35 ـ ئايەت.

# جەننەتنىڭ ئاچقۇچى

مەلۇم بىر يېزىدا ياشايدىغان، ناھايىتى تەقۋادار، ئېسىل ئەخلاقلىق، دىيانەتلىك، ساجىدە ئىسىملىك بىر قىز بار ئىدى.




ئۇ شارائىتى شۇنچىۋالا ناچار بولۇشىغا قارىماي، ئالىي مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى. بىرقانچە خۇسۇسىي مەكتەپتىن ئوقۇتقۇچىلىق تەكلىپلىرى كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا نامرات يېزىسىدىكى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشنى تاللىدى.

﴿ئۇلارغا ئېيتقىنكى، خالىغان ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ. سىلەر ھامىنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ﴾[29].

كۆنلەرنىڭ بىرىدە مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرىدىكى پسىخولوگىيە ئوقۇتقۇچىسى بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 180 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن نەق مەيدان ئىمتىھانى ئالدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يازغانلىرىدىن، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدسىز قاراشلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئاساسەن روھىي جەھەتتىن مەغلۇپ بولۇپ، ئىستىقبالى خازان

29) تەۋبە سۈرىسى، 105.

بولغان ئوقۇغۇچىلار ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى.

لېكىن، ساجىدە مۇئەللىم ئۇ مەكتەپتىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارنى گۈزەل ئەخلاق، ئالىي غايە، ئۈمىدۋار روھ بىلەن تەربىيەلەشكە بەل باغلىدى. قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا غەمخورلۇق قىلىپ، دەپتەر ـ قەلەم، سومكا ھەتتا كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېلىپ بەردى.



ئارىدىن يىگىرمە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەزكۇر 180 ئوقۇغۇچىنىڭ ئەينى چاغدىكى نەتىجىسى مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى ـ دە، ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردى. ھەيران قالارلىق يېرى، ئۇلاردىن ئىنژېنېر، ئوقۇتقۇچى، ئۇچقۇچى، دوختۇر قاتارلىقلاردىن بولۇپ جەمئىي 177 نەپەر ئوقۇغۇچى ئۇتۇق قازانغان ئىدى.



بۇ ئوقۇتقۇچى ئۇلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشۈپ، ئۇلاردىن قانداق قىلىپ بۇنداق زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشەلىگەنلىكىنى سورىدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبچىسى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئايال ئوقۇتقۇچىسى ساجىدە مۇئەللىم ئىكەنلىكىنى دېگەندە، ئوقۇتقۇچى بۇنىڭدىن ھەيران قالدى.



ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ساجىدە مۇئەللىم ئۇلارغا ئىزچىل ئۈمىد بېغىشلايدىكەن، ئالىي غايىلەرگە ئىنتىلدۈرىدىكەن، دەرسلەردە ياردەم بېرىدىكەن، بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىدىكەن، قىيىنچىلىقلىرىغا قولايلىقلارنى يارىتىپ بېرىدىكەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئوقۇتقۇچىسىنى ماختىشىپ، ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

مەزكۇر ئوقۇتقۇچى ساجىدە مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئىنتايىن كەمتەرلىكىنى، ھېلھەم مەھەللىدىكى ساۋاتسىز ئاياللارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىپ، ئۇلارغا ھەر تۈرلۈك ئىلىم - مەرىپەتلەرنى ئۆگىتىۋاتقانلىقنى بىلىپ بەكمۇ سۆيۈندى



ۋە ئۇنىڭدىن ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:

– سىز شۇنچىۋالا قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىق ئىكەنسىز. نۇرغۇن ئىلغار، زامانىۋى مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلسا، نېمىشقا ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ، نامرات مەھەللىدە يوقسۇللارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتىمەن دەپ يۈرىسىز؟



ساجىدە مۇئەللىم ئۇنىڭغا تەمكىنلىك بىلەن:

– چۈنكى، مەن جەننەتنى ئىزدەيمەن ئەمەسمۇ؟ – دەپ، تامغا ئېسىلغان لەۋھەگە ئىشارەت قىلدى. لەۋھەگە مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى:




«ھەر نەرسىنىڭ بىر ئاچقۇچى بار، جەننەتنىڭ ئاچقۇچى پېقىر - مىسكىن ۋە سەۋرچان كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈشتۇر، ئۇلار ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى سۆھبەتداشلىرىدۇر».

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ رەھمىتىدىن كىشىلەرگە ئاچقان نەرسىنى ھەرگىزمۇ توسۇپ قالغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ رەھمىتىدىن توسقان نەرسىنى ئاللاھ توسقاندىن كېيىن، ھېچ قويۇپ بەرگۈچىمۇ بولمايدۇ، ئاللاھ

غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئەي ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزىق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟ ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، (شۇنداق بولغان ئىكەن، ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟﴾[30].

30) فاتىر، 3 ـ ئايەت.

# «ئىككى تاش»نىڭ ئارىسىدا سوقۇلغان بالا

بۇ بىر بالىنىڭ ھەقىقىي سەرگۈزەشتىسى بولۇپ، ئۇ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:



مەن ئالتە ياشقا كىرىپ، ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغۇچە، ئىللىق ئائىلەم ئاللىقاچان چۇۋۇلۇپ، ۋەيران بولغان ئىكەن. ئاتا - ئانام ئاجرىشىپ، ھەرئىككىسى باشقا توي قىلىپ بوپتىكەن. مەن ئىككىسى ئارىسىدا قاتراپ، «ئىككى تاش»نىڭ ئارىسىدا سوقۇلۇپ يۈرۈپ، بەكمۇ خارلىقتا چوڭ بولدۇم. ئانامنىڭ يېنىغا بارسام، ئۆگەي دادامنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراشلىرىدىن يۈرىكىم مۇجۇلۇپ كېتەتتى. دادامنىڭ يېنىغا بارسام، ئۆگەي ئانامنىڭ كۆزىگە سىغمايتتىم. بۇنداق رەھىمسىز ھاياتتىن ھەقىقەتەن زېرىكەتتىم.



بىر كېچىسى ئويلىمىغان يەردىن بىر ئوچۇم «جەمئىيەتنىڭ داشقاللىرى» بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. شۇلارنىڭ ئىچىدە ھاراق ئىچىش، نەشە - تاماكا چېكىش دېگەندەك گۇناھ ئىشلار بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە

باشلىدىم.

دادام «نەگە باردىڭ؟» دەپ سوراپ قالسا، «ئانامنىڭ يېنىغا باردىم» دېدىم. ئانام «نەگە باردىڭ؟» دەپ سورىسا، «دادامنىڭ يېنىغا باردىم» دەپ ئۇلارنى ئالداپ كۈن ئۆتكۈزدۈم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ مېنىڭ ھالىمدىن بىخەۋەر ياشاۋەردى. ئەمەلىيەتتە مەن ئۆزۈمنى تامامەن يوقاتقان ئىدىم. لېكىن، ئويلىمىغان يەردىن چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ، ئۆزۈمنى تۈگەشتۈرۈۋېتىشكە ئاز قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ زۇلمەتلىك كۈنلەردىن قۇتۇلۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:



بىر كېچىسى بىز تاڭ ئاتقۇچە ئىچىشىپ، چېكىشىپ ئۆتتۇق. ئۆي ئىچىدىكى بۇلغانغان ھاۋادىن بېشىمىز قېيىپ، ئەركىن نەپەس ئېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتۇق. كەيپلىكتە ئۆزىمىزنى تۇيمىغان ھالدا چۇرقىرىشاتتۇق، سەكرىشەتتۇق. ئاندىن بىرقانچىمىز بىر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ماڭدۇق. ماشىنا ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز نەچچە موللاق ئېتىپ دومىلاپ كەتتى. ماشىنىنىڭ ئىچىدە تۆتەيلەن بار ئىدۇق.



ھوشۇمغا كەلسەم، ئۆچەيلەن ماشىنىدىن قاڭقىپ ئۇچۇپ چۈشۈپ، ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن. پەقەت مەنلا ھايات قالغان يارىدار بولۇپ، كۆزۈمنى ئاچسام، ئۆزۈمنى دوختۇرخانىدا كۆرۈپتىمەن.



بۇ چاغدا مەن ئۆزۈم ھەققىدە قايتىدىن ئويلاندىم...

«ناۋادا مەنمۇ شۇلارغا ئوخشاش گۇناھ ـ مەسىيەت ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن بولسام، دوزاختا مەھكۇم بولماسمىدىم؟ ئاللاھ مېنى ياخشى كۆرىدىكەن، تەۋبە قىلىشىم ئۈچۈن مېنى ھايات قالدۇرۇپتۇ» دېدىم ئىچىمدە ساق قالغانلىقىمدىن ئاللاھقا چەكسىز شۈكۈر ئېيتىپ تۇرۇپ.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئاللاھقا يېقىن بەندە بولۇش ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىشىچە تىرىشىش نىيىتىگە كەلدىم، كۆپ قۇرئان ئوقۇدۇم، بىر مەزگىللىك ئازغۇنلۇقتىن كېيىن، ئىمانىمنىڭ لەززىتىنى قايتىدىن تېتىدىم، ئاللاھقا يىغا ـ زارە قىلىپ، يالۋۇرۇپ، ھەقىقىي تەۋبە قىلدىم. چۈنكى، ئاللاھ مېنى ئىككى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغان ئىدى. بىرىنچىسى، ئازغۇنلۇقتىن ئىبارەت ئۆلۈم بولسا، ئىككىنچىسى، ماشىنا ھادىسىسىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئۆلۈم ئىدى.

دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆيگىمۇ بارماي، ئۇدۇللا مەسچىتكە كىرىپ، ناماز ئوقۇدۇم، قۇرئان تىلاۋەت قىلدىم. بۇ قېتىم قۇرئان ئوقۇغىنىمدا، ئۆمرۈمدە تېتىپ باقمىغان لەززەتنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قۇرئان كەرىم مېنىڭ ئەڭ ياخشى دوستۇم بولۇپ قالدى. مەن ھېچقاچان ئۇنىڭدىن ئايرىلمىدىم.



ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە (يەنى جېنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) بىرەر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، ئاللاھ نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلالماس ئىدىڭلار). (ئى مۇشرىكلار!) سىلەر زېمىندا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىگە ۋە مەدەتكار يوق﴾[31].

31) شۇرا سۈرىسى، 31 ـ ئايەت.

# باغۋەننىڭ چۈشى



ناھايىتى باي، دۆلەتمەن بىر ئادەم بولۇپ، بىر كۈنى ھەشەمەتلىك داچىسىنىڭ بالكونىغا چىقىپ يېزا ئىچىدىكى كەڭ كەتكەن، بىپايان زېمىنلىرىغا زوق بىلەن قاراپ مەغرۇرلانغان ھالدا:

— مەن بۇ يېزىنىڭ ئەڭ باي ئادىمى بولىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

شۇ ئەسنادا ئۇ ئۆزىنىڭ باغلىرىنى پەرۋىش قىلىدىغان باغۋەن بوۋاينىڭ ئىشتىن ھېرىپ كېلىپ، كىچىك بىر داستىخاننىڭ ئۈستىگە قېتىق بىلەن ناننى قويۇپ، تەبەسسۇم قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. باي ھەيران بولۇپ باغۋەندىن:

— سەن نېمىشقا قاچانلا قارىسا، خۇشال يۈرىسەن؟ — دەپ سورىدى. باغۋەن:



— غوجام! مەن ھەر دائىم ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمىتىگە شۈكۈر قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. بىچارە كەمبەغەلنىڭ جاۋابىدىن تېخىمۇ ھەيران بولغان باي:

ــ نېمەڭگە شۈكۈر قىلىسەن؟ ئالدىڭدىكى قېتىق بىلەن قورۇق نانغىمۇ؟ ھې ھې ھې، ــ دېدى باي مەسخىرە ئارىلاش پىخىلداپ كۈلۈپ.

ــ شۇنداق غوجام، ماڭا قارىنىمنى تويغۇزغۇدەك يېمەك، ئۇچامغا يېپىنغۇدەك كىيىم، پۇتۇمنى سۇنۇپ ياتقۇدەك يوتقان ــ كۆرپە، يامغۇر ئۆتمىگۈدەك بولسىمۇ ئۈستى يېپىق ئۆي بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھقا چەكسىز شۈكۈر ئېيتىمەن. بىراق، غوجام! مەن سىزگە تونۇگۈن كۆرگەن چۈشۈمنى دەپ بېرەي:



چۈشۈمدە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، جەننەتنى كۆرۈپتىمەن. جەننەت ئاجايىپ يېشىللىققا پۈركەنگەن، چەكسىز، بىپايان ھەم ئىنتايىن گۈزەل ئىكەن. شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز غايىبتىن: «بۈگۈن كېچە يېزىدىكى ئەڭ چوڭ بايغا ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىدۇ» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. شۇ ھامان ئاسماندىكى مالائىكىلەر ھەيرانلىقتا چۆمگەن ھالدا: «سۇبھانەللاھ» دېيىشكە باشلىدى.

باغۋەننىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان باينىڭ رەڭگىرويى ئۆڭۈپلا كەتتى، ئۆيىگە كىرىپ ئۆزىنى ئۇدۇللا ساپاغا ئاتتى ۋە ئۈنسىز خىيالغا پاتتى:

«بۈگۈن كېچە يېزىدىكى ئەڭ چوڭ بايغا ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىدۇ؟!». بۇ زادى قانداق گەپ؟ ئۇ ئاساسسىز، قۇرۇقلا بىر

چۈشمىدۇ ياكى يوقسۇل بوۋايغا بېرىلگەن ئىلاھىي سىگنالمىدۇ؟

شۇ كۈنى كەچتە باغۋەن بوۋاينىڭ تۇيۇقسىز قىزىتمىسى ئۆرلەپ، پۇت ـ قوللىرى تەرلەشكە باشلىدى. لېكىن، ئۇ ئادىتى بويىچە ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلاشقانلىقىنى بىلگەن يېقىنلىرىدىن بىرى دەرھال دوختۇر چاقىردى. دوختۇر ئۇنىڭغا تەسەللىي بەرمەكچى بولغاندا باغۋەن بوۋاي دوختۇرغا ھېلىقى كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بەردى. دوختۇر كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭغا:



ـ ئەندىشە قىلماڭ! يېزىمىزدىكى ئەڭ چوڭ باي ھازىرچە ساپ ـ ساغلام تۇرۇپتۇ. ئۇ پات يېقىندا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك ئەمەس، ـ دېدى.

شۇ كېچىسى تاڭ ئاتاي دەپ قالغاندا بىرسىنىڭ ئىشىك چەككەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان باي دەرھال ئىشىكنى ئاچتى. بىرى بوۋاينىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

باي تېخىمۇ ھەيرانلىقتا چۆمدى ۋە كۆڭلىدە: «باغۋەن بوۋاي: بۇ كېچە يېزىدىكى ئەڭ چوڭ باي ئۆلۈپ قالىدۇ، دېگەن ئىدى. ھالبۇكى، باغۋەن ئەڭ نامرات ئادەم ئىدى. شۇڭا، مەن ئۆلۈپ قالىدىغان ئوخشايمەن دەپتىكەنمەن. ئەسلىدە ئۇ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ باي ئادەم ئىكەن ئەمەسمۇ؟! توغرا، ئۇ نامرات بولسىمۇ، ئىمانغا باي، ئىخلاسمەن، تەقۋادار كىشى ئىدى. مەن

مۇشۇ كەمگىچە ئۆزۈمنى يېزىمىزدىكى ئەڭ چوڭ باي دەپ ھېسابلاپ كەپتىمەن. ئەمدى ھەقىقىي چوڭ باينىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدىم. بىلدىمكى، ھەقىقىي بايلىق مال - دۇنيانىڭ كۆپلۈكى ئەمەس، بەلكى قەلب بايلىقى ئىكەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى.



ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئەڭ تەقۋادار كىشىدۇر﴾[32].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىڭلارغا ۋە مال - دۇنيايىڭلارغا قارىمايدۇ، لېكىن قەلبلىرىڭلارغا ۋە ئەمەلىي ئىش - ھەرىكەتلىرىڭلارغا قارايدۇ»[33].

باي ئىختىيارسىز پىچىرلىدى:

«ئى ئاللاھىم! مەن ساڭا تەۋبە قىلدىم، مېنى كەچۈرگىن!».



باي ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپ يېزىدىكى نامرات، ئاجىز، يېتىم، مىسكىنلەرگە، تۇل ئاياللارغا سەدىقە قىلىشقا باشلىدى، ئۇلاردىن مۇشۇ كەمگىچە

32) ھۇجرات سۈرىسى، 13.
33) سەھىھ مۇسلىم، 2564.



زۇلۇم قىلىپ سالغان بولسا ئۆزىنى ئەپۇ قىلىۋېتىشنى چىن قەلبىدىن ئۆتۈندى ۋە كېيىنكى ئۆمرىنى كۆپىنچە مەسچىتتە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا ۋە بىر ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر- بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾[34].

34) ھۇجۇرات سۈرىسى، 13 ـ ئايەت.

# بېلىقنىڭ قارنىدىن چىققان مەرۋايىت



تولىمۇ تىرىشچان، جاپاكەش بىر بېلىقچى بولغانىكەن. ئۇ ھەر كۈنى بېلىق تۇتقىلى چىقىدىكەن. بېلىق تۇتالىسا، ئۆيىگە قايتىپ بېلىقى تۈگگەنگە قەدەر ئۆيىدىن چىقمايدىكەن. بېلىقى تۈگىسە، تورىنى قولتۇقلاپ يەنە بېلىق تۇتقىلى بارىدىكەن.

بىر كۈنى بېلىقچى ئادىتى بويىچە بېلىق تۇتقىلى چىقىپتۇ. تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ يوغان بىر بېلىقنى تۇتۇپلا ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئايالى بېلىقنى تازىلاشقا تۇتۇش قىپتۇ... بېلىقنىڭ قارنىنى يارغانىكەن، ئىچىدىن قۇياشتەك پارقىراق بىر مەرۋايىت چىقىپتۇ.



– مەرۋايىت، مەرۋايىت! دادىسى، قارىسىلا! مەن نىمە تېپىۋالدىم؟

بېلىقچى قارىغۇدەك بولسا، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك بىر مەرۋايىت...

بېلىقچى مەرۋايىتنى سودىگەر قوشنىسىنىڭ يېنىغا

ئاپىرىپتۇ. سودىگەر قوشنىسى مەرۋايىتنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بۇنداق ئېسىل، قىممەت باھالىق مەرۋايىتنىڭ باھاسىغا چىقىشىپ بولالمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنى قوشنا شەھەردىكى مەلۇم بىر داڭلىق سودىگەرنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ بېقىشىنى ئېيتىپتۇ.



شۇنىڭ بىلەن بېلىقچى قوشنا شەھەردىكى سودىگەرنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. بۇ سودىگەرمۇ ئاۋۋالقىسىغا ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ بۇنداق قىممەت باھالىق مەرۋايىتنى ئالالمايدىغانلىقىنى، ۋالىينىڭ يېنىغا ئاپارسا، شۇنىڭ ئالالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ يولغا سាپتۇ.

بېلىقچى ساراي ئالدىدا بىرھازا ئىجازەت كۈتكەندىن كېيىن ۋالىينىڭ يېنىغا كىرىشكە مۇۋەپپەق بوپتۇ. ۋالىي مەرۋايىتنى كۆرۈپ مۇنداق دەپتۇ:



ـ بۇ دەل كۆڭلۈمدىكىدەك مەرۋايىتكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا قانچە پۇل بەرسەم بولار؟ مۇنداق بولسۇن، مەن ساڭا خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئالتە سائەت ئېچىپ بېرەي، سەن شۇ مۇددەتتە خەزىنىدىن قانچىلىك بايلىق

ئېلىۋالالىساڭ، مەرۋايىتنىڭ باھاسى شۇ بولسۇن!

– ئالتە سائەت بەك جىق، ئىككى سائەتلا بولسۇن! – دەپتۇ بېلىقچىنىڭ نەپسى تاقىلداپ. ۋالىي سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ:

– ياق، بۇنداق ئېسىل مەرۋايىتنىڭ باھاسى ئالتە سائەت بولسا دەل مۇۋاپىق، – دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بېلىقچى خەزىنىگە كىرىپتۇ – دە، كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا خەزىنە ئۈچ قىسىمغا ئايرىلغان ئىكەن:

بىرىنچى قىسمى: ئېسىل تاۋار – دۇردۇنلار، ماھۇت كۆرپە ۋە ياستۇقلار...

ئىككىنچى قىسمى: ئالتۇن – كۈمۈش، ياقۇت، مارجانلار...

ئۈچىنچى قىسمى: جاھاندىكى بارلىق ئېسىل يېمەك – ئىچمەكلەر...

بېلىقچى ئۆز – ئۆزىگە:



– ئالتە سائەت؟ ئالتە سائەت دېگەن بەكلا ئۇزۇن ۋاقىتقۇ؟ ئاۋۋال يەيدىغىنىنى يەپ، قورسىقىمنى ئوبدانراق توقلىۋېلىپ، ئاندىن ئالتۇن – كۈمۈشلەرنىمۇ جىقراق ئاچىقۋالايمەنمۇ؟ – دەپتۇ – دە، ئېسىل يېمەك – ئىچمەكلەردىن راسا تويغۇچە يەپتۇ... قورسىقىنى تازا تويغۇزغاندىن كېيىن

سوزۇلۇپ بىردەم يېتىۋالغۇسى كەپتۇ. ئۇ يەنە ئۆز ـ ئۆزىگە:



ـ ئالتە سائەت ئەمەسمۇ؟ خېلى ۋاقىت باركەن. بىردەم يېتىۋالايچۇ! دەپ يۇمشاق ماموق كۆرپىگە ئۆزىنى تاشلاپتۇ...

بىر چاغدا بىرىنىڭ: «تۇر ئورنۇڭدىن، ۋاقتىڭ توشتى» دېگەن ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ.

ـ مەن... مەن تېخى ھېچنېمە ئالمىدىم... توختاپ تۇرۇڭلار! ئازراق بىر نەرسە ئېلىۋالاي! ـ دەپتۇ بىلىقچى يالۋۇرۇپ. ۋالىي:

ـ تولىمۇ ئەخمەق نېمىكەنسەن. ئۆزۈڭ پۇرسەتنى چەك تۇتمىدىڭ. ئەسلىدە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئاچىقىپ ساراي سالدۇرساڭ، نېمە يېگۈڭ كەلسە، شۇنى يېسەڭ بولاتتى ئەمەسمۇ؟! بىر ئۆمۈر خەجلىسەڭمۇ يېتىپ ئاشقۇدەك مال ـ مۈلكۈڭ بولاتتى. ئەپسۇس،



پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتتىڭ، ـ دەپتۇ.

ھېكايە مۇشۇ يەردە تۈگىدى. ئەمما ئۇنىڭدىكى ئىبرەتلەر تۈگىگىنى يوق. بىزنىڭ روھىمىزمۇ خۇددى مۇشۇ ھېكايىدىكى

بىباھا مەرۋايىتقا ئوخشايدۇ. ئۇ ئەسلىدە بىباھا بايلىق بولۇپ، بىز ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيۋاتىمىز. بۇ ھېكايىدىكى خەزىنە بىزنى مەپتۇن قىلىدىغان بىپايان دۇنياغا سىمۋول قىلىنغان. خەزىنىدىكى گۆھەرلەر بولسا سالىھ ئەمەللەردۇر. تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر، يېمەك ـ ئىچمەكلەر بولسا شەھۋەتلەرنىڭ مىسالىدۇر. بەلگىلەپ بېرىلگەن ۋاقىت بىزنىڭ ھاياتلىق مۇددىتىمىز يەنى ئەجىلىمىزدۇر. بىز ھەممىمىز خۇددى بېلىقچىغا ئوخشايمىز. ئۇيقۇمىزدىن ئويغىنىپ مەخمەل كۆرپىلەردىن ئۇزاقلىشىدىغان، بەلگىلەپ بېرىلگەن ۋاقىتتىن ئىبارەت ئەجىلىمىز توشۇشتىن ئىلگىرى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى يەنى سالىھ ئەمەللەرنى جەملىۋالىدىغان ۋاقتىمىز كەلمىدىمۇ؟! بۇ دۇنيادا سالىھ ئەمەللەرنى جىق قىلىۋالساق، ساۋابىنى ئۇ دۇنيادا كۆرىمىز ئەمەسمۇ؟!



ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ (يەنى كاپىرلارنىڭ) بىرىگە ئۆلۈم كەلسە ئېيتىدۇكى، ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن. مەن قويۇپ كەلگەن مال ـ مۈلكۈم بىلەن ياخشىلىق قىلىۋالاي. (ئۇنىڭ دۇنياغا قايتىشى) مۇمكىن ئەمەس، ئۇ چوقۇم شۇ سۆزنى قىلغۇچىدۇر، ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى دۇنياغا قايتىشتىن توسۇپ تۇرىدىغان) بىر توسما بولىدۇ. سۈر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى

يوقىلىدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ (ئەھۋالىنىمۇ) سوراشمايدۇ. تارازىسى ئېغىر كەلگەنلەر (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. تارازىسى يېنىك كەلگەنلەر (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) زىيان تارتقۇچىلاردۇر، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئوت كۆيدۈرىدۇ، كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ (بەتچىراي) بولۇپ قالىدۇ. (ئۇلارغا) سىلەرگە (دۇنيادا) مېنىڭ ئايەتلىرىم ئوقۇپ بېرىلگەن، سىلەر ئۇنى (شۇنچە روشەن تۇرۇقلۇق) ئىنكار قىلغان ئەمەسمىدىڭلار، دېيىلىدۇ﴾[35].

35) مۆئمىنۇن سۈرىسى، 99ــ105 ـ ئايەتلەر.

HAK
HAKSEVER
هەقسۆيەر